چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# ئۆيۈنچۇق ئائىلىسى

ھېنرىك ئىبسېن [نورۋېگىيە]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇبارەك غاپپار

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرلىرى: ئازات بارات

ئېرجان تۆلەۋ

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: غەيرەت ئابىت

ھەبىبۇللا ئېلى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ياسىن ئۇبۇلقاسىم

تۇرغۇنجان سۇلتان



ISBN 7-80658-926-0

9 787806 589267 >

ISBN 7 – 80658 – 926 – 0

باھاسى: 7.50 يۈەن

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# ئويۇنچۇق ئائىلىسى

ھېنرىك ئىبسېن [نورۋېگىيە]

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن يۇسۇپ



بۇ كىتاب جۇڭگو بالىلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.


چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

## ئويۇنچۇق ئائىلىسى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك

شىركىتىدە بەت ياسالدى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

2006 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 2006 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى

فورماتى: 787×970mm 1/32 باسما تاۋىقى: 7.25

ISBN 7 - 80658 - 926 - 0

باھاسى: 7.50 يۈەن

本书根据中国少年儿童出版社2000年12月第1版第1次印刷版本翻译出版。

责任编辑：穆巴拉克·阿帕尔

美术编辑：阿扎提·巴拉提
叶尔江·铁流

责任校对：海来提·阿比提
艾比布拉·艾力

审　　订：亚森·吾不力哈斯木
吐尔洪江·苏里坦

世界经典文学作品赏析

玩偶之家（维文）

吐尔逊·玉苏甫　译

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新华印刷厂印刷
2006年5月第1版　2006年5月第1次印刷
开本：787×970 毫米　1/32　印张：7.25
ISBN 7-80658-926-0

定价：7.50元
如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话：0991-4521461

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

ھېنرىك ئىبسېن (1828 ـــ 1906) نورۋېگىيە دېڭىز ياقىسىدىكى كىچىك شەھەر ـــ سىكئېندە بىر باي ياغاچ سودىگىرى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئىبسېن سەككىز يې- شىدا ئائىلىسىنىڭ ئىگىلىكى ۋەيران بولغان، 15 يېشىدا ياقا يۇرتلارغا بېرىپ، ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولغان. 1844 ـ يىلىدىن 1950 ـ يىلىغىچە ئۇ گىلىمېس بازىرىدىكى بىر دورىخانىدا شاگىرت بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا، جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇش ۋە «پۇلى بارلارغا ئەسسالام، پۇلى يوقلارغا ۋەسسالام» دەيدى- غان جەمئىيەت كەيپىياتى ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىدە چوڭ- قۇر جاراھەت ئىزى قالدۇرغان ھەمدە ئۇنىڭ نامراتلىق بىلەن بايلىق ئوتتۇرىسىدا كەسكىن پەرق بولۇۋاتقان جەمئىيەتكە قارىتا كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەدەبىي ۋە تارى- خىي كىتابلارنى ئوقۇشقا باشلىغان ھەمدە ئارىلاپ ـ ئا- رىلاپ شېئىر يېزىپ، رەسىم سىزىپ، بايلار ۋە ئەمەل- دارلارنى مەسخىرە قىلغان. 1848 ـ يىلى ياۋروپادىكى

ئىنقىلاب دولقۇنى ئىبسېننىڭ مىللىي ئېڭى ۋە سىيا-
سىي قىزغىنلىقىنى قوزغىغان. كېيىن ئۇ: «بۈيۈك
خەلقئارالىق ئىنقىلاب دولقۇنىدا مەنمۇ ئۆزۈم تۇرغان
مۇھىت ۋە تۇرمۇش شارائىتىنىڭ مەجبۇرلىشى ئارقى-
سىدا پاتقاقتا پېتىپ قالغان بۇ تار جەمئىيەتكە قارشى
كۈرەش قىلىشقا ئاتلانماي تۇرالمىدىم» دەپ يازغان. ئۇ
ۋېنگرىيە ئىنقىلابىنى پائال قوللاپ، «مازارلىقلارغا» دې-
گەن شېئىرنى يازغان: نورۋېگىيە بىلەن شۋېتسىيىنى
بىرلىكتە ئەسكەر چىقىرىپ، دانىيىنىڭ پرۇسسىيە تا-
جاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ياردەم بېرىشكە
چاقىرىق قىلىپ، «ئويغىنىڭلار، سكاندىناۋىيىلىكلەر!»
دېگەن داستاننى يازغان. ئىبسېن تۇنجى درامىسى
«گترىيىن»(1848 — 1849 - يىللىرى)»نىمۇ ياۋروپا ئىن-
قىلابىنىڭ تەسىرىدە يېزىپ چىققان. ئۇ ئەسەرلىرىدە
تارىخشۇناسلارنى «خائىن» دەپ ئاتىغان، تارىخىي
شەخسلەرنى مۇستەبىت - زوراۋان ھاكىمىيەتكە قارشى
تۇرغۇچىلار، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى قەھ-
رىمانلار، دەپ سۈرەتلىگەن.

1850 - يىلى ئىبسېن تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتقا ئىم-
تىھان بېرىش ئارزۇسى بىلەن پايتەخت كرىستىئانىيا (ھا-
زىرقى ئوسلو)غا كەلگەن، بىراق ئىمتىھاندا مەغلۇپ بول-
غان. كېيىن ئۇ پايتەختتىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە

پائال قاتناشقان ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بىر ياز-
غۇچىنى قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر
قېتىملىق مۇراجىئەتنامە سۇنۇش نامايىشىغا قاتناشقان،
نورۋېگىيە ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى تېلىئېن
رەھبەرلىك قىلغان ئىشچىلار ھەرىكىتىگە قاتناشقان
ھەمدە ئىشچىلار تەشكىلاتى ژۇرناللىرىدا مۇھەررىر بول-
غان ۋە ماقالىلەرنى يازغان.

ئىبسېن 1851 ـ يىلىدىن باشلاپ بېرگېن تىياتىر-
خانىسىدا ئالتە يىل ئىشلىگەن. 1857 ـ يىلى ئوسلودىكى
«نورۋېگىيە تىياتىرخانىسى» تەرىپىدىن تۈزگۈچىلىككە
ۋە رېژىسسورلۇققا تەكلىپ قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتى-
بارەن ئۇ نورۋېگىيە مىللىي تىياتىرچىلىقىنى بەرپا
قىلىش يولىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. 1864 ـ
يىلى ئۇ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپ، چەت ئەلدە 27 يىل
سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن. ئۇنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ
كېتىشىدىكى سەۋەب: بىرىنچىدىن، ئۇ خەلق رىۋايەتلى-
رىگە ئاساسەن يازغان «مۇھەببەت كومېدىيىسى»
(1862 ـ يىل) دە، بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىدىكى نىكاھ
تۈزۈمىنى پاش قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇقەددەس
نىكاھ تۈزۈمىگە ھاقارەت قىلدى، دەپ ئەيىبلەنگەچكە،
روھىي جەھەتتىن ئازابلانغان. ئىككىنچىدىن، پرۇسسى-
يە ـ ئاۋستىرىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى دانىيىگە ھۇجۇم

قىلىپ كىرگەندە، دانىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن نور-ۋېگىيە ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي، قول قوۋۇشتۇرۇپ بىر چەتتە قاراپ تۇرغان، بۇ هال ئىبسېننى نورۋېگىيە هۆ-كۈمىتىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرگەن.

1891 ـ يىلى ئىبسېن نورۋېگىيىگە قايتىپ كېلىپ، ئوسلودا ئولتۇراقلاشقان ۋە داۋاملىق تىياتىرچىلىق پائا-لىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1906 ـ يىلى يۈرەك كې-سىلىگە مۇپتىلا بولۇپ، ئۇزۇنغىچە ساقىيالماي ئاخىر ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئىبسېننىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى ئاساسەن تۆۋەن-دىكىدەك ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچىسى، دەسلەپكى ئىجادىيەت باسقۇچى (1848ـــ1864 ـ يىللىرى) بولۇپ، ئەسەرلىرى روماـ-تىزملىق ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. شۇ دەۋردىكى ئەسەرلىرىدىن «ئىنگلاند خانىم» (1855 ـ يىل)، «هېرگ-راندتىكى دېڭىز قاراقچىسى» (1858 ـ يىل)، «خانلىق تەختكە كۆز تىكىپ تۇرغان كىشى» (1863 ـ يىل) قاتارلىقلار بار.

ئىككىنچىسى، ئوتتۇرا دەۋردىكى ئىجادىيەت باسقۇ-چى (1865 ـ 1890 ـ يىللىرى) بولۇپ، بۇ ئىبسېن ئىجا-دىيىتىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى. ئۇ بۇ دەۋردە، كۈندىلىك تۇرمۇشنى سۈرەت قىلىپ، كاپىتالىزم

دۇنياسىنى چىنلىق بىلەن سۈرەتلىگەن ۋە شەپقەتسىز پاش قىلغان. ئەخلاق، قانۇن ۋە ئائىلىدىن ئىبارەت بىر قاتار سەزگۈر ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، زور مىقداردىكى «ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ئائىت سەھنە ئەسەرلىرى»نى يېزىپ چىققان. «براند» (1866 ـ يىل) ۋە «پېئىر گېنت» (1867 ـ يىل) قاتارلىق ئىككى شېئىرىي دىرامىنىڭ ۋەقەلىكى رېئاللىقتىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىدىكى زىددىيەتلەر پاش قىلىنغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان.

ئىبسېننىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى سەھنە ئەسەرلىرىدىن ئاساسەن مۇنۇلار بار: «جەمئىيەت تۈۋرۈكى» (1877 ـ يىل)، «ئويۇنچۇق ئائىلىسى» (1879 ـ يىل)، «جىن ـ شاياتۇنلار» (1881 ـ يىل)، «خەلق دۈشمىنى» (1882 ـ يىل).

ئىبسېن ئىجادىيىتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى 1891 ـ 1906 ـ يىللار بولۇپ، بۇ دەۋردىكى ئەسەرلىرى «بىناكار» (1892 ـ يىل)، «بوكمان» (1896 ـ يىل)، «بىز ئۆلگەنلەر تىرىلگەن چاغدا» (1899 ـ يىل) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ ھېكايىدىكى ۋەقەلىك مىلاد بايرىمىدىن نەچچە كۈن ئىلگىرى يۈز بەرگەن. كرىستىئاننىيا * شەھىرى-نىڭ بارلىق بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرى بايرام كەيپىياتىغا چۆمگەن. چوڭ ماگىزىنلار خېرىدار جەلپ قىلىش ئۈ-چۈن، بەس-بەستە ئۆز ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىشقاند-ى. دېمىسىمۇ، يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان بۇنداق پۇل تېپىشنىڭ ياخشى پۇرسىتىنى كىمنىڭمۇ قولدىن بې-رىپ قويغۇسى كېلىدۇ دەيسىز.

توفا ھېرموۋلارنىڭ ئۆيىدە مەشكە ئوت ئۇلۇغ قا-لانغان، ئۆينىڭ ئىچى شۇنداق ئىسسىق ئىدى. ئايال خىزمەتكار ئاللان جاۋەندىكى فارفور بۇيۇملار ۋە نازۇك ئاسارئەتىقە بۇيۇملىرىنى ئېھتىيات بىلەن سۈرتۈۋاتاتتى، بالا باققۇچى ئاننا باللارنى سىرتقا ئويناتقىلى ئېلىپ چىقىپ كەتكەنىدى. ھېرموۋ ئەپەندى بولسا كىتابخاند-سىدا بىر ئىشلار بىلەن مەشغۇل ئىدى. ھازىر ئۇمۇ ئوتتۇرا ياشقا كىرىپ قالغان بولۇپ، ماڭلىيىدىكى چې-چىنىڭ شالاڭشىپ قالغانلىقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن ئۇنىڭ بىلىنەر-بىلىنمەس سېمىز

* كرىستىئاننىيا — نورۋېگىيە پايتەختىنىڭ بۇرۇنقى نامى، ھازىر «ئوسلو» دەپ ئاتىلىدۇ.

كۆرۈنىدىغان چىھرىدىن، ئۇنىڭ ئۆزىنى يامان ئەمەس كۆتكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە ناھايىتى نەپىس بېزەلگەن بىر قاپچۇقنى ئاچتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى قارا ھاۋانا سىگارتىدىن بىر تالنى ئوڭ قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن ناھايىتى ئەپچىل قىسىپ ئېلىپ، بۇرنىغا تەگكۈزۈپ پۇراپ قويدى ـ دە، ئۇنى تۇتاشتۇرۇپ، ھوزۇر بىلەن ئىچىگە بىرنى تارتتى. ئاندىن ئاغزىدىن چىققان كۆكۈچ ھالقا ـ ھالقا ئىسلار كۆز ئالدىدا لەيلىدى. شۇندىلا ئۇ كۆز قىرىنى مەيدە يانچۇقىغا تىكىپ، ئۇنىڭدىن توي ئۈزۈكىنى ئالدى ـ دە، نامسىز بارمىقىغا سېلىۋالدى. ئۇ يەنە ئىختىيارسىز ھالدا سىگارتىنى چىشلىگىنىچە يانچۇقىدىن ئايئاق قولياغلىقنى ئېلىپ، ھازىرلا قولىغا سېلىۋالغان ئۈزۈكىنى سۈرتتى ۋە بارمىقىنى كۆز ئالدىدىن يىراقلىتىپ ئۈزۈككە سىنچىلاپ قارىغانىدى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ مېڭىسىدىن بىر خىل مەمنۇنىيەت ۋە قانائەت تەبەسسۇمى جىلۋىلەندى.

ئۇ ئۈستەل ئۈستىدىكى گېزىتنى قولىغا ئېلىپ، ئۆزىنى شېرىك پاي بانكىسىنىڭ دىرېكتورلۇقىغا ئۆستۈرگەنلىك خەۋىرىگە يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتتى. بۇ خەۋەرنى نەچچە قېتىم ئوقۇغانلىقى ئۇنىڭ ئېسىدە يوق، لېكىن ھەر قېتىم ئوقۇغاندا ئۇنىڭ ھاياجانىدىن

يىغلىمۇقتكۇسى كېلەتتى. ئۇنىمۇپرسىتىپتىنى پۇتتۇرۇپ ھازىرغىچە ئون نەچچە يىل ئۆتكەندۇ. ئۇ تارتقان جاپا ـ مۇشەققەت، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى مانا ئاخىر بۇگۈن كۆرۈلدى. ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىنكى ئالدىغان مائاشىنى ئويلىسا، ئۇ ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئېيتىشى كېرەك. ھازىر ئۇنىڭ ھېچنېمىسى كەم ئەمەس. جەمئىيەتتە ئورنى بار، پۇلىمۇ يېتەرلىك. يەنە ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ بار. بۇ سۆيۈملۈك تۇ-مۇچۇقى ئۇنىڭغا ھەر ۋاقىت تەبەسسۇم ۋە ئىللىقلىق ئاتا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچ بالىسى كەلگۈسىدە ياخشى تەربىيە كۆرىدۇ. شۇنداقكەن، ئۇلارنىڭ بۇ ئائىلىسى بۇ شەھەردە ئەڭ بەختلىك ئائىلىلەرنىڭ بىرى بولۇشقا مۇناسىپ.

كارىدور ئىشىكىنىڭ قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. ئال-لان دەرھال بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە:

— خانىم قايتىپ كەپتۇ، — دېدى.

نارا بىر ناخشىغا غىڭشىغىنىچە ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى ۋە ھامىلغا نورۇز ئارچىسىنى ئۆيگە ئەكىرىشكە بۇيرۇدى. ئۇ ھامالنىڭ ھەققىنى بېرىۋېتىپ، ئۇنى يولغا سالغاندىن كېيىن ئاللانغا:

— ئاللان، بۇ نورۇز ئارچىسىنى ئوبدانىراق يوشۇرۇپ قويغىن، كۇندۈزى بالىلار كۆرۈپ قالمىسۇن، ئۇنى

كەچتە كۆرسىتىپ ئۇلارنى تازا بىر ھەيران قالدۇراي-
لى، — دېدى.

ئاللان كۆلگىنىچە نورۇز ئارچىسىنى يوشۇرۇپ قو-
يۇشقا كۆتۈرۈپ ماڭدى.

شۇ تاپتا نارانىڭ كەيپى تولىمۇ ياخشى ئىدى. ئۇ
ئۇچىسىدىكى يامغۇرلۇقنى سېلىۋېتىپ خۇشال كۈلدى.
ئاندىن چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن بىرنەچچە تال مېغىز
پىرەنىكنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئىككىنى يېگەچ، پۈتىنىڭ
ئۇچىدا دەسسەپ ھېرمىوۋنىڭ كىتابخانىسىنىڭ ئالدىغا
كەلدى ۋە ھەييارلارچە كۆزىنى چىمچىقلىتىپ قويۇپ،
ئۆينىڭ ئىچىدىكى تىۋىشقا قۇلاق سالدى. «ھە، ئۇ بار
ئىكەن.» نارا شۇلارنى ئويلىغىنىچە، يەنە بىر تال پىرە-
نىكنى ئاغزىغا سالدى ۋە ئۇنى يېگەچ ناخشىغا غىڭ-
شىشقا باشلىدى.

ھېرموۋ كىتابخانىسىدا تۇرۇپ، نارانىڭ قايتىپ
كەلگەنلىكىنى خېلى بۇرۇنلا بىلىپ بولغانىدى. شۇن-
داقتىمۇ ئۇ قەستەن نارانى گەپكە سېلىش ئۈچۈن:

— مېنىڭ تۇمۇچۇقۇم يەنە سايراشقا باشلىدىمۇ -
نېمە؟ — دېدى ئۇنلۇك ئاۋازدا.

نارا ئاغزىدىكى پىرەنىكنى يۇتۇپ بولالمايلا:

— ھەئە، — دەپلا جاۋاب بەردى - دە، ئالمان - تالمان
بازاردىن سېتىۋالغان چوڭ - كىچىك كوروپكا ۋە قەغەز

بولاقلارنى يېشىشكە باشلىدى.

— تىيىنچىقىمنىڭ يەنە كەپسىزلىكى تۇتۇپتۇدە.

— ھەئە.

ئۇ ئىشىكنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھېرموۋنىڭ كىتابخانىدىن چىققانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئاغزىدىكى پەرەڭنى يۇتۇۋېتىپ، قولىدىكىسىنى يانچۇقىغا تىقتى، ئاندىن ئاغزىنى قولى بىلەن سۈرتۈۋەتتى. بۇ چاغدا يېرىنىك دەسسەپ ئۇنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ بولغان ھېرموۋ ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىدى ۋە چاچلىرىغا سۆيۈپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ تىيىنچىقىم، قاچان كەلگەنىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى. ئۇ نارانىڭ يېنىغا كېلىۋېتىپ، ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان چوڭ - كىچىك قەغەز بولاقلارنى كۆرگەنىدى. ئۇ ئۆزىنى پىخسىق ئەرلەردىن ئەمەس دەپ ھېسابلىسىمۇ، ھەر قېتىم نارانىڭ قولىغا پۇل تۇتقۇزغىنىدا خاتىرجەم بولالمايتتى. نارا خۇددى كىچىك بالىلاردەك بەتخەج ئىدى. پۇل خەجلەش ئايال كىشىلەر ئۈچۈن ئەڭ ھۇزۇرلۇق ئىش. بۈگۈن ھېرموۋنىڭ كەيپىياتى چاغ بولغاچقىمۇ، نارانىڭ ئېڭەك - مەڭزىلىرىنى سىلاشتۇرۇپ ئەركىلەتتى ۋە:

— ھەي بەتخەج قىز، يەنە بىرمۇنچە پۇلنى بۇزۇپسىزدە، — دېدى.

نارانىڭ چىرايلىق كۆك كۆزلىرى بۈگۈن باشقىچە ئويناپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇئان ھېرموۋنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۆزىنىڭ سوغۇققىنا مەڭزىگە ياقتى، ئاندىن:

— شۇنداق توفا، ئەمدى بىزنىڭ قورقماي پۇل خەجلەيدىغان ۋاقتىمىزمۇ كېلىپ قالدى. بۇ يىل بىز- نىڭ تۇنجى قېتىم مىلاد بايرىمىنى مۇشۇنداق باياشات ئۆتكۈزۈشىمىز، ئەمدى يەنە غورىگىل ئۆتكۈزسەكمۇ بولماس، — دېدى.

— ياق، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، — دېدى ھېرموۋ نارانىڭ بۇدرۇققىنا قولىنى سۆيۈپ تۇرۇپ، — بىز يەنىلا كەلسە - كەلمەس پۇل خەجلىسەك بولمايدۇ.

— بولىدۇ توفا، بۈگۈن سەل كۆپ خەجلەپ قويدۇم، پەقەت مۇشۇنچىلىكلا! بىلىسىزغۇ، يېقىندا ئۆزىڭىزنىڭ ناھايىتى كۆپ پۇلنىڭ ئىگىسى بولىدىغىنىڭىزنى، — دېدى نارا يېلىنغان تەلەپپۇزدا.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن بۇنىڭغا يەنە ئۈچ ئاي بار - دە، — ھېرموۋ ناراغا قاراپ، ئۇنىڭغا ئۈچ بارمىقى- نى كۆرسەتتى.

— كېرەك يوق، ئۇنىڭغىچە بىز ئازراق پۇل قەرز ئېلىپ خەجلەپ تۇرساق بولۇۋېرىدۇ.

نارانىڭ پۇل قەرز ئېلىشنى ناھايىتى ئادىي ئىش- تەك تىلغا ئېلىشى ھېرموۋغا ياقمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ



نارانىڭ قولىقىنى سوزۇپ، چاقچاق قىلىپ تۇرۇپ:

— نارا، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، بۈگۈن مەن پۇل قەرز ئالدىم، ئۇنى مىلاد بايرىمىنىڭ بىر ھەپتىسىدىلا كەلگەن ـ كۆشادە خەجلەپ تۈگىتىۋەتتۇق دېيلى، ناۋادا بىر كۈنلەردە ئۆكىزىنىڭ قىرىدىن بىر پارچە كاھىش بې-شىمغا چۈشۈپ ئۆلۈپ قالسام......

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە نارا دەرھال قولى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېگۈزمىدى. بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ بۇنداق شۇم پاراڭلارنى ئاڭلىغۇسى يوق ئىدى. دېمىسىمۇ مۇشۇ نەچچە كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ كۆڭلى تازا جايىدا ئەمەس، خۇددى تۇيۇقسىزلا بىرەر كېلىشمەسلىك ئۇنىڭ بېشىغا كېلىدىغاندەك ئەنسىز-چىلىكتە ئۆتتى. ئۇ ھېرمودىن، ئۇچ بالىسىدىن، قىس-قىسى، بۇ ئائىلىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ھەرگىز خا-لىمايتتى. ھېرموۋ مۇشۇ تاپتا نارانىڭ نېمە ئويلاۋاتقان-لىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى ۋە گېپىنى داۋاملاش-تۇرۇۋەردى:

— مەن پۇل قەرز ئالسام، سىز خەجلىدىڭىز. ناۋادا مەن ئۆلۈپ قالسام، قەرز ئىگىلىرى سىزنى بوش قويۇ-ۋەتمەيدۇ. ئۇلار ئۆيگە ئىزدەپ كېلىشى، ھەتتا ئۇستى-ڭىزدىن سوتقا ئەرز قىلىشىمۇ مۇمكىن....

— قەرز ئىگىلىرى؟! ئۇلار بىلەن مېنىڭ نېمە

كارىم؟! — نارا ئېرىنىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، «قەرز ئىگىلىرى» دېگەن گەپكە كەلگەندە يۈرىكى «قارت» قىلدى - دە، تېرىككىنىدىن ھېرموۋنىڭ گېپىنى بۆلدى، — مېنىڭ ئۇنداق ئادەملەر بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىم بولسۇن؟!

ھېرموۋ نارانىڭ بۇ تەرزدىكى گېپىنى ئاڭلاپ كۆڭلى پەرىشان بولدى ۋە ئىچىدە «نارا، ھەي نارا، سىز ھەقىقەتەنمۇ كۆپ ئىشلارنى ئۇقمايسىز، — دەپ ئويلىدى . — ھېرموۋ ئادۋوكات بولغان، ئۇ ھەق تەلەپ ئەرز ماجىرالىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. قىلدىن قىيىق كەتسە ئابرۇيى تۆكۈلۈپ، ئائىلە بىساتى خانىۋەيران بولىدىغان گەپ، شۇڭا ھېرموۋنىڭ تۇرمۇش مىزانى بەكمۇ ئېنىق، پۇل قەرز ئالماسلىق، باشقىلارغا قەرزدار بولۇپ قالماسلىق، پۇل قەرز ئالدىڭ، قەرزدار بولدۇڭ دېگەن گەپ. شۇنىڭ بىلەن ئائىلە تۇرمۇشى ئۆز ئەركىنلىكىنى يوقىتىپ، كۆڭۈلسىز ئۆتىدىغان گەپ.» ھېرموۋ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ ناراغا قاراپ سەممىي ھالدا:

— ماڭا قاراڭ سۆيۈملۈكۈم، ئىككىمىز ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان دورۇس ياشاپ، قەددىمىزنى تىك تۇتۇپ مۇشۇ كۈنلەرگە كەلدۇق. ئەمدىلىكتە بوششىپ كەتسەك قانداق بولىدۇ؟ ھەرگىز بولمايدۇ - دە...، — دېدى.

نارا بىر خىلدا سۈكۈتتە تۇراتتى، چىرايى بولسا تاتىرىڭغۇ كۆرۈنەتتى. ھېرموۋ قىلغان گېپىنىڭ سەل

ئىبغىر كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدى ـ دە، شۇ- ئان ناراغا:

— ھەي، ھەي تۇمۇچۇقۇم، ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق، قانات ـ قۇيرۇقىڭىزنى بۇنداق يوپۇرۇۋالسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ ۋوي، تىيىنچاقنىڭ خۇيى تۇتۇپ قالدىمۇ ـ نېمە؟ — دېدى ۋە يانچۇقىدىن پۇل قاپچۇقىنى چىقىرىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — قاراڭە نارا، بۇ قاپچۇقنىڭ ئىچىدە نېمە بار؟ ئەلۋەتتە، پۇل بار. شۇنداق، ئۇنى سىزگە بېرىمەن! مەڭ، ئېلىڭ، مىلاد بايرىمىنى ئۆتكۈ- زۈش ئۈچۈن ھەممە نەرسىگە پۇل لازىم بولىدىغانلىقىنى مەن ئوبدان بىلىمەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان نارا ئەمدى خۇشاللىقىنى يوشۇرالمىدى. ھېرمووۋنىڭ بۇنچە كۆپ پۇل بېرىۋېتىدىغانلىقىنى ئۇ ئويلىمىغانىدى. شۇڭا ئۇ خۇشاللىقىدا ھېرمووۋنى سۆيۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى:

— رەھمەت سىزگە ھېرمووۋ، بۇ پۇللار بىزنىڭ بىر مەزگىل ئىشلىتىشىمىزگە تامامەن يېتىدۇ.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا، سېتىۋالغان نەرسىلىرىنى ھېرمووۋغا كۆرسىتىشكە باشلىدى:

— قاراڭە، بۇ نەرسىلەرنى شۇنداق جايىدا سېتىۋال- دىم، ئەرزان، نېمىدېگەن ياخشى ماللار ـ ھە؟!

ھېرموۋ نارانىڭ بۇ مەمنۇنلۇقىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە «ئاياللار ئەزەلدىن گول كېلىدۇيۇ، لېكىن ھامان ئۆزىنى پايدا ئالغان ھېسابلايدۇ. بۇنىڭغا نېمە ئامال، دېمىسىمۇ كىم ئۇلارنى ئايال كىشى بولۇپ قالسۇن دەپتۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

نارا خۇددى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئولجا بۇيۇملىرىنى كۆز ـ كۆز قىلغاندەك، سېتىۋالغان نەرسىلىرىنى بىرمۇبىر ھېرموۋغا كۆرسىتىشكە باشلىدى:

— بۇنى ئېۋاغا ئالدىم، بىر يۈرۈش كىيىم ۋە بىر ئويۇنچۇق خەنجەر. بۇ بابقا ئالغان ئويۇنچۇق ئات، ماۋۇ كانايمۇ بار. بۇ قونچاق بىلەن بۆشۈكنى ئىمىاغا ئاتاپ ئالدىم. بۇ نەچچە كىيىملىك رەخت بىلەن قولياغلىقلارنى ئۆيدىكى ئىشلەمچىلەرگە ئالدىم، ئاننىاغا ياخشىراق سوۋغاتتىن بىرنەچچىنى ئېلىشىم كېرەك ئىدى....

نارا ئالغان نەرسىلىرىنى بىرمۇبىر چۈشەندۇرۈپ سۆزلىمەكتە، ھېرموۋ بولسا خۇشياقا ـ ياقماي ئاڭلىماقتا ئىدى. نېمە ئۇچۇندۇر، ئۇ بىر بولاقنى كۆرسىتىپ:

— ئاۋۇ نېمە؟ — دەپ نارادىن سورىدى.

— توفا، ئۇنىڭغا تەگمەڭ، — نارا خۇددى مەخپىيەتلىكى بار نەرسىنى قاچۇرغاندەك تۇيۇقسىز تۇۋلاپ كەتتى، — ئۇنى مەن سىزگە كەچتە كۆرسىتىمەن.

ھېرموۋ نائىلاج بېشىنى لىڭشىتىپ قويغان بول-
سىمۇ لېكىن بىلىپ بېقىش ئۈچۈن يەنە سورىدى:

— ھەي بەتخەج، ئۆزىڭىزگە بىرەرنەرسە ئالدىڭىزمۇ؟

— ئۆزۈمگە دەمسىز؟ ماڭا ھېچنېمە كېرەك ئەمەس.

نارانىڭ دېگىنى راست، ئۇ ئۆزىگە ھېچنېمە ئالمى-
غانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلىدە پەقەت ئۆزىلا بىلىدىغان
بىر مەخپىيەتلىكى بولۇپ، بۇنى ھېرموۋغا ئېيتىشنىمۇ
خالىمايتتى. ھېچبولمىغاندا ھازىر شۇنداق ئىدى.
لېكىن ئۇنىڭغا ھازىر پۇل كېرەك، خېلىلا كۆپ پۇل
كېرەك ئىدى. نارا ھەر قېتىم نەرسە-كېرەك سېتىۋې-
لىپ قايتقاندا ھېرموۋ بۇ گەپنى، يەنى ئۆزىگە نېمە
سېتىۋالغانلىقىنى سوراپ قوياتتىيۇ، لېكىن ئۆزى بە-
لىپ ناراغا بىرەرنەرسە ئېلىپ بېرىدىغان ۋاقىتلىرى
ناھايىتى ئاز بولاتتى. ھازىرمۇ ئۇ بۇ گەپنى يەنە قىلغا-
نىكەن، نارا نېمىشقا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھېر-
موۋدىن كۆپرەك پۇل ئېلىۋېلىشنىڭ كويىغا كىرمى-
سۇن؟ شۇڭا ئۇ ھېرموۋنىڭ چىرايىغا قارىيالماي، پەقەت
ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئوينىغان بولۇۋېلىپ،
دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— ھوي توفا، ئەگەر سىزنىڭ راستىنلا ماڭا بە-
رەرنەرسە ئېلىپ بەرگۈڭىز بولسا... سىز ماڭا ... — ئۇ
كۆزىنىڭ قىرىدا ھېرموۋغا قاراپ، ئۇنىڭ گېپىنى

ئەستايىدىللىق بىلەن تىڭشاۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، غەيرەتكە كېلىپ، ــ سىز ماڭا ئازراق نەق پۇل بېرىڭ، بەك كۆپ بولمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ! پەقەت قولۇڭىزدا بارىلا يېتىدۇ. مەن ئۇ پۇلغا كېيىنچە ئۆزۈم بىرنەرسە سېتىۋالارمەن ئۇ ھېرمىۋۇننىڭ ئىككىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سالغىنىچە:

ــ ئوبدان توفا، ئارتۇق ئويلىماي، پۇلنى دەرھال ماڭا بېرىڭ. مەن ئۇنى پارقىراق ئالتۇندەك ــ قەغەز بىلەن ئوراپ مىلاد ئارچىسىغا ئېسىپ قويسام قىزىقارلىق بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟

ھېرمىۋۇ نارانىڭ بۇ گەپلىرىدىن ۋە ھەرىكەتلىرىدىن ئېرىدى. گەرچە ئۇ پۇل ئېلىش ئۇچۇن گەپ ئويناتسىمۇ، لېكىن ھېرمىۋۇدىن ئالغان پۇللارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ئائىلىگە ئىشلىتەتتى. مەيلى ئۇ سېتىۋالغان نەرسىلەر ھېرمىۋۇننىڭ نەزىرىدە ئارتۇقچە نەرسىلەر بولسىمۇ، ئۇ- نىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە ھېرمىۋۇدىن پۇل ئېلىشنىڭ كويىغا كىرەتتى. ھېرمىۋۇ بولسا يەنە پۇل چىقىرىشقا مەجبۇر بولاتتى. ھېرمىۋۇننىڭ ئىختىيارسىز نارانىڭ مەستلىكى كېلىپ، قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بېلىدىن تۇتتى ۋە:

ــ نارا، مېنىڭ ئوماق تومۇچۇقۇم، سىزنىڭ بۇ بالىلىقىڭىز قاچانغىچە داۋاملىشار، پۇل خەجلەشكە

نېمىدىگەن ئۇستا سىز ـ ھە؟ بىر ئەر كىشىنىڭ سىزگە ئوخشاش كۆپ پۇل خەجلەيدىغان بىر تومۇچۇقنى باقا-لىغانلىقىغا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەي-دۇ، — دېدى.

نارا ئۇنىڭ گېپىگە ئەمدىلا چۈشەنچە بېرەي دەپ تۇراتتى، ھېرموۋ نامىسىز بارمىقىنى ئۇنىڭ لېۋىگە تەگكۈزۈپ، سۆزلىمەسلىك ئىشارىسى قىلدى ۋە ئارقى-دىنلا ئۇنىڭغا:

— بولدى سۆزلىمەڭ، سىزنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقى-ڭىزنى مەن ئوبدان بىلىمەن، — دېدى. شۇنداقتىمۇ نارا دېمەكچى بولغىنىنى يەنىلا دەۋالدى:

— مەن پۇل خەجلىسەم ئىمكانىقەدەر كۆپرەك پۇل ئاشۇرۇۋېلىشنىڭ كويىغا كىرىمەنىۇ، لېكىن ئاخىردا يېنىمدا پەقەت پۇل قالمايدۇ.

نارا ھېرموۋغا گەپ يېگۈزەلىگەنلىكىگە ئىشەنچ قىلدىمۇ، ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ پىئانىنو-نىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ قاپقىقىنى ئېچىپ، پىئانى-نونىڭ تىللىرىنى زىلۋا بارماقلىرى بىلەن بىرىپەس ئويناتقاندىن كېيىن، بۇرۇلۇپ ھېرموۋغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھەي، سىز ماڭا ئوخشاش تومۇچۇق، تىيىنچاق-لارنىڭ موھتاجىنى قانداقمۇ چۈشىنىشىڭىز مۇم-كىن؟ — دېدى.

ھېرمووۋمۇ پىئانىنونىڭ يېنىغا كېلىپ، پىئانىنونىڭ تىللىرىنى بىرپەس ئويناتتى ـ دە:

ــ ھەي، سىز راستىنلا بىر غەلىتە ئىنسان جۇنۇ، بەئەينى دادىڭىزغىلا ئوخشايسىز، ــ دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان نارانىڭ پىئانىنونىڭ تىللىرىدىن يىراقلاشقان قوللىرى سەل تىترىدى، ــ ھېرمووۋ بۇنىڭغا دىققەت قىلماي، گېپىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى:

ــ دادىڭىزمۇ ئەتىدىن كەچكىچە كۆزىنى چەكچەيتىپ، پۇل تېپىشنىڭ كويىدىلا يۈرەتتى. لېكىن قولىغا پۇل كىرسىلا، نېمە ئۈچۈنكى، ناھايىتى ئاسانلا توزۇتۇۋېتەتتى. سىزمۇ خۇددى دادىڭىزغىلا ئوخشاپسىز. قولىڭىزغا كىرگەن پۇلنىڭ قانداق تۈگەپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىڭىزمۇ ئۇقمايسىز. بۇ خىل مىجەز سىلەرگە ئۇدۇم ئوخشايدۇ، ــ ھېرمووۋ سۆزلەۋېتىپ، نارانىڭ كۆزلىرىنىڭ بىر قىسما بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سورىدى، ــ نارا، نېمە بولدىڭىز؟ مەن سىزنى ئەيىبلەۋاتقىنىم يوق. مەن سىزدىن باشقا نەرسە ئەمەس، خۇددى ھازىرقىدەك سايرىيالايدىغان تومۇچۇقۇم بولۇشىڭىزنىلا ئۈمىد قىلاتتىم. لېكىن، ھېس قىلىشىمچە، سىزنىڭ بۈگۈنكى كەيپىياتىڭىز... نېمە دېسەم بولار؟... مىجەزىڭىز باشقا كۈنلەرگە ئوخشىماي قالدى، ــ ئۇ ئالىقىنى بىلەن نارانىڭ ئېگىكىدىن يېنىك كۆتۈرۈپ، كۆز

چاناقلىرىنىڭ ياشقا تولغانلىقىنى كۆردى ۋە قايتىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا كىرىشتى، — بولدى يىغلىماڭ تومۇچۇقۇم، مېنىڭ خۇش ئاۋاز تومۇچۇقۇم. مەن پەقەت سىزگە چاقچاقلا قىلىپ قويدۇم، ماڭا قاراڭچۇ تېىىدىن چىقىم، سىز قالايمىقان پۇل خەجلىمىدىڭىز، مېغىزپە-رەنىكمۇ ئېلىپ يېمىدىڭىز، — دېدى.

— بولدى، ئەمدى سىز ماقۇل بولمىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن، — نارا ئۇدۇللا جاۋاب بېرىپ گېپە-نى تۈگەتتى.

— مەن سىزنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىزغا ئە-شىنىمەن، ھېلىقى مەخپىيەتلىكىڭىزنى قاچان ئېيتىپ بېرىسىز؟ كەچتە، مىلاد ئارچىبىسىدىكى چىراغلارنىڭ ھەممىسى ياندۇرۇلىدۇ. ئۇ چاغدا ھېچنېمىنى يوشۇرال-ماي قالىسىز، — ھېرموۋ مۇشۇ گەپلەر بىلەن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى كەيپىياتنى يۇمشاتماقچى بولدى. نارانىڭ كۆڭلىگىمۇ شۇنداق بىر تۇيغۇ كەچتى. «ئەمدى ھېچ-نېمىنى يوشۇرالمايسەن، راست گەپنى ئېرىگىگە تېز ئېيت!» «ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، ھازىر تېخى ۋاقتى ئەمەس!»

— نېمە ئويلاۋاتىسىز؟ — ھېرموۋ سورىغاچ ناراغا يېقىنلاشتى.

— سىزنىڭ رانكې دوختۇرغا ئېيتىپ قويغان-قويمىغانلىقىڭىزنى ئويلاۋاتىمەن.

— ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئادەتتە ئۇنى چاقىرىپ يۈر- مىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، ئۇ بەربىر كېلىدۇ.

ئەر – خوتۇن ئىككىسى كەلگۈسىدىكى چەكسىز ئارزۇ – ئىستەكنىڭ خۇشاللىقىغا چۆمدى. شۇنداق، بىر ئادەمنىڭ مۇقىم ئورنى، تۇرمۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئىشەنچلىك كىرىمى بولسا، بۇ نېمىدېگەن ياخشى – ھە! بۇلارنى ئويلىسا ئادەمنى خۇشال قىلىدۇ. ھېرمىۋۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئىچ – ئىچىدىن قايىنىغان ھاياجان بىلەن نارانىڭ قوللىرىنى سىقىپ تۇرۇپ سۆزلەپ كەت- تى.

— ئەمدى مەن كۈن بويى ئىچ پۇشۇقىدا تەنھا ئۆت- مەيدىغان بولدۇم. سىزنىڭ بۇ ئوماق كۆزلىرىڭىز، بۇد- رۇققىنا قوللىرىڭىزمۇ ئىشلەپ جاپا تارتمايدىغان بولدى.

نارا كۆزىگە ياش ئالدى. ئۇ بۇلتۇرقى مىلاد بايرى- مىنى ئەسلىدى. شۇ مەزگىللەردە ئۇ ئائىلىسىنىڭ خۇشاللىقى، بالىلىرىنىڭ مىلاد بايرىمىنى خۇشال – خۇرام ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن ئۈچ ھەپتە ئۆيىگە سولىنىپ ئولتۇرغان، ھەر كۈنى تۈن نىسپىدىن ئاشقىچە قادىلىپ ئولتۇرغانىدى. ھېرمىۋۇ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى مىلاد بايرىمى ئۈچۈن سوۋغاتلىق تەييارلاۋاتىدۇ دەپ ئويلاشقان، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ پۇل ئۈچۈن يوشۇرۇن ھالدا باشقىلارغا ئورىگىنال كۆچۈرۈپ بەرگەنىدى. ئاھ، نارا شۇ پۇلنى ئويلىسا، يۈرىكى شۇئان سىلىپ ئۇنىڭغا

ئاخىر بىر ئىش بولىدىغاندەكلا قىلاتتى. ئۇ ھېرمىوۋ-نى — ئېرىنىلا ئويلايتتى. ئۇنىڭغا كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن مەخپىيەتلىكنى ئېيتىپ بەرگۈسى كېلەتتى. «ئېيتىپ بېرىمەن سۆيۈملۈكۈم، مەن پۈتۈنلەي سىز ئۈچۈنلا شۇنداق...» دەيتتى ئۇ ئىچىدە.

تۇيۇقسىز جىرىڭلىغان ئىشىك قوڭغۇرىقى نارانىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ، ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئاللان ئۇنىڭغا بىر ئايال مېھماننىڭ كۆرۈشمەكچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى، رانكېنىڭمۇ ئۇ ئايال بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ھېرمىوۋ گەرچە ئەمەلدارلىققا ئۆستۈرۈلگەن، يېقىندا ۋە-زىرە ئۆتەش ئالدىدا تۇرسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئىلگىرى مۇئامىلە قىلىغان، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ئادەملەرنىڭ ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ ئاۋارە قىلىشىدىن ساقلىنالمايتتى. شۇ تاپتا ھېرمىوۋ سابىق دىرېكتورنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن بىر قىسىم خادىملارنىڭ ماتې-رىيالىنى كۆرۈۋاتاتتى. بايا ئۇ نارانىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، كىتابخانىسىدىن چىققانىدى. ئەمدى بولسا مېھ-مان كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ھېلى يانچۇقىدىن ئالغان پۇل قاپچۇقىنى دەرھال يانچۇقىغا سالدى ۋە ئاللانغا:

— ئېسىڭىزدە بولسۇن، مەن مېھمان قوبۇل قىل-مايمەن — دېدى - دە، بۇرۇلۇپ كىتابخانىسىغا قاراپ ماڭدى. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە توختىغۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئاللانغا يەنە:

— رانكې دوختۇر كىتابخانامغا كىرسۇن، — دېدى.

ئاللان شۇئانلا ساياھەت كىيىمى كىيگەن، چىرايى سولغۇن، 30 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايالنى باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ سەپەر سومكىسىنى ئاللان كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، سومكىنى نەگە قويۇشنى سورىغاندا، ئۇ سومكىنى ناھايىتى ئەدەپ بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى. ئاندىن ناراغا قاراپ بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى.

— پاھ، ناراغۇ سەن، مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟...مەن لىندان...

نارا ئېسىنى يىغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدىدا تۇرغان بۇ ئايالغا باشتىن - ئاياغ سىنچىلاپ قاراپ چىقتى - دە:

— نېمە، كرىستىنا! سەن راستتىنلا كرىستىنامۇ؟! دەپ، ھاياجاندىن سەكرەپ كەتتى.

ئاياللار ئۆزئارا بىر دىدارلاشسا، مەيلى ئۇلار ياش ياكى ياشانغان بولسۇن، دەسلەپتە ھەيران قالغانلىقىنى ھاياجان بىلەن ئىپادىلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى ئاسانلا كۆز يېشى قىلىشىدۇ. ئاخىرىدا خۇشاللىقىدىن كۈلۈشىدۇ ۋە توختىماس پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشىدۇ.

— كرىستىنا! سەن راستتىنلا كرىستىنامۇ؟!

— ھەئە، مەن كرىستىنا، بىز كۆر[redacted]
سەككىز، توققۇز يىل بوپتۇ، ئۆزۈمنى[redacted] تونۇمد
غۇدەك دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى[redacted]
لىماپتىمەن، — لىندان خانىم گېپىنى[redacted]
ھەسرەت بىلەن ئېغىر بىر ئۇھ تارتتى.

نارا ئاللانغا، لىندان خانىمغا بىر ئىستاكان قەھۋە دەملەپ ئەكىرىشنى بۇيرۇدى. ئاندىن لىندان خانىمغا قاراپ، ئۇنىڭدىن:

— مېنىڭ قەدىناس ساۋاقدىشىم، شۇنچە يىللاردىن بېرى تۇرمۇشۇڭنى قانداق ئۆتكۈزدۈڭ؟ — دەپ سورىدى.

لىندان خانىم ئالدىرىماي چاپىنىنى سىلىپ، قەھۋەدىن بىر ئوتلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار كۆرۈشمىگەن يىللاردىكى ئۆز كەچۈرمىشىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

كرىستىنا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئائىلىسى قىيىنچىلىق ۋە جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە قالدى. دادىسى نەچچە يىل ئىلگىرى كېسەل بىلەن ۋاپات بولغانىدى. ئانىسىمۇ ئېغىر كېسەل بولۇپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسى تېخى كىچىك بولۇپ، بېقىلىشقا موھتاج ئىدى. كرىستىنا بولسا شۇ يەرلىك ئادۋوكاتلىق ئورنىدىكى بىر ياش يىگىتنى سۆيەتتى. يىگىتنىڭ چاقناپ تۇرىدىغان بىر جۈپ كۆزى، ئورۇق ۋە كىچىك كۆرۈنىدىغان يۈزى، ئېگىز بويى كرىستىنانى مەھلىيا قىلىۋالغانىدى. يىگىت

ئىقتىدارلىق بولسىمۇ، تەلىيى كاج كېلىپ ئۆسەلمى-
گەن. ئۇمۇ كرىستىنانى سۆيەتتى، لېكىن ئۇنىڭدا توي
قىلغۇدەك پۇل يوق ئىدى. مۇشۇ ئازاب ئۇنىڭ مىجەز-
نىمۇ بارغانسېرى غەيرىيلەشتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن
كرىستىنا ئاغرىق ئانىسى ۋە ئىككى ئىنىسىنى بېقىش
ئۈچۈن، ۋىجىك، يۇرۇش - تۇرۇشى كۆرۈمسىز بولسىمۇ
قول - ئىلكىدە بار لىندان ئەپەندىگە ياتلىق بولدى.
كرىستىنا لىندان ئەپەندىنى سۆيمەيتتى. لىندان ئەپەن-
دىمۇ كرىستىنانىڭ ئۆزىنى سۆيمەيدىغانلىقىنى، پۇلى
بار بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا تەگكەنلىكىنى بىلەتتى.
كرىستىنا بەك گۈزەل ھەم تەربىيە كۆرگەن قىز بولۇپ،
ئۇنىڭغا ئېرىشىش لىندان ئەپەندى ئۈچۈن ئېيتقاندا،
گۆش دۇكىنى خوجايىنىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىش-
تىن كۆپ ياخشى ئىدى. ئۇلار توي قىلغاندىن كېيىن،
لىندان ئەپەندى كرىستىنانىڭ ئائىلىسىنى بېقىش
مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى. كرىستىنا بولسا ئاپى-
سى ۋە ئىككى ئىنىسى ئۈچۈن لىندان ئەپەندىنىڭ تۇر-
لۇك ئىللەتلىرىگە كۆز يۇمدى. ئۇ ھەر قېتىم لىندان
بەرگەن پۇلنى ئېلىشقا قول ئۇزاتقىنىدا، ئۇنىڭ ھاقارەت
قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان كۆزلىرىدىن كرىستىنانىڭ
يۈرىكى مۇجۇلۇپ، بەدىنى تىترەپ كېتەتتى، لېكىن
نېمە ئامال؟ ئۇ بىر ئاجىز - دە.

لېكىن، بالا كەلسە قوشلاپ كەپتۇ دېگەندەك، لىندان ئەپەندى ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولدى. ئاخىر ساقىيالماي ئۇ دۇنياغا كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا كرىستىنا ئېرىنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى بىلمەيدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭ شىركىتى ئاللىبۇرۇنلا ۋەيران بولۇپ بولغانىكەن. ئۇنىڭغا ئېرىدىن پۇل دېدارى قالمىدى.

كرىستىنا تۇرمۇش ئۇچۇنلا چاققانلىقىنى تۇرلۇك ماللار دۇكىنىدىن بىرنى ئېچىپ، تۇرمۇشىنى ئاران-ئاران قامداشقا باشلىدى. ئىككى ئىنىسىنى ئوقۇتتى. ئانىسىنى داۋالاتتى. بىر يىلدىن كېيىن بىچارە ئانىسى ئالەمدىن ئۆتتى. بەلكىم ئانا قىزىنىڭ چېكىدىن ئاشقان كۆتۈرەلىگۈسىز مۇشەققىتىنى، ئۆزىنىڭ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ ئازابلىنىپ، بەرگەن دورىنى يوشۇرۇپ ئىچمەي تۇرۇۋالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئورۇقلاپ قورايغىلا ئوخشاپ قالغان. بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان قول، بارماقلىرى بىلەن كرىستىناغا يېنىدىكى ئىككى ئۇكىسىنى ئىما قىلىپ، ئۇلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان. كرىستىنا بولسا ئىككى ئۇكىسىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ئانىسىغا ھەدەپ باش لىڭشىتقانىدى. ئانىسى شۇ ھالىتىدە جان ئۈزدى. ئۇنىڭ ياتقان ئورنىنى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا، كۆرپىنىڭ ئاستىدىن كرىستىنا بىرنەچچە بولاق دورا تابلېتكىلىرىنى تېپىۋالغانىدى.

ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، كرىستىنا قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ ئىشقا كىرىشتى. دۇكان ئېچىپ يىغقان ئازغىنە پۇلى بىلەن بىرنەچچە ئېغىز ئۆي ئىجارە ئېلىپ، بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچتى. ئۆزى دەرسكە كىردى. ئەتىسى ـ ئاخشاملىرى قېتىرقىنىپ، باش چۆكۈرۈپ ئۆگەندى. ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكى هامان بىر كۈنى قابىلىيەتلىك بىر ئادەمنىڭ ياردىمىدە ئىشەنچلىك بىر خىزمەت تېپىپ ئىشلەش ئىدى. ئىككى ئىنىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كەسپىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. كرىستىنانىڭ نەزىرىدە، بۇ ئائىلىگە ئەمدى ئۇنىڭ كېرىكى قالمىغانىدى.

بىر كۈنى كرىستىنا كوچىدا مال ئېلىۋېتىپ، گېزىتتىن هېرموۋنىڭ شېرىك پاي بانكىسىنىڭ دىرېكتورى بولغانلىق خەۋىرىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، كۆڭلىگە ئاللىنېمىلەرنى پۈكتى. هېرموۋ نارانىڭ ئېرى ئەمەسمۇ، ئۇلار هازىر كرىستىئانساند شەھىرىدە تۇرىدۇ. ئۇ ناھايىتىمۇ چوڭ شەھەر. ئۇ چوقۇم ئۇ يەرگە بېرىپ ئورۇنۇپ بېقىشى كېرەك. شۇنداق قىلىپ كرىستىنا ئائىلە ئىشلىرىنى ئىككى ئىنىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. مەكتىپى بولسا يېرىم يىل ئىلگىرىلا ئوقۇغۇچىلار ئازلاپ كېتىپ تاقىلىپ قالغانىدى. ئۇ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئەتىگەنلىك نۆۋەتچى پاراخوت بىلەن نارانىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— شۇنداق قىلىپ مەن ئۇدۇل سىنى ئىزدە-
دىم، — دېدى لىندان خانىم.

نارا لىندان خانىمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلى-
غاندىن كېيىن، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھېسداشلىق
قىلدى. ئۇزىنىڭمۇ ئاڭلايدىغان ئادەم بولسا سۆزلەپ بې-
رىدىغان بىر قورساق گېپى بار ئىدى.

— كرىستىنا، دەپ باقە، سەن لىندان ئەپەندىنى
سۆيمەيدىغان تۇرۇقلۇق، نېمىشقا ئۇنىڭغا تەگدىڭ؟

— ھەي، بۇنىڭغا نېمە دېسەم بولار، — لىندان خا-
نىم بىرپەس سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن گېپىنى داۋام-
لاشتۇردى، — ئەمەلىيەتتە توي قىلىشنىڭ ئۆزىلا ئېنىق
بىر نېمە دېگىلى بولمايدىغان بىر ئىش. سەن بىر ئادەم-
نى ناھايىتى ئېنىقلا ياخشى كۆرسەڭمۇ، ئۇنىڭ بىلەن
توي قىلالمايدىكەنسەن. ئەكسىچە، ئۆزۈڭ سۆيمەيدىغان
بىر ئادەم بىلەن ئائىلە قۇرۇپ قالىدىكەنسەن. دېمەك،
توي قىلىش دېگەن نېمە؟ ئۇ بىر ئادەمنىڭ بېسىپ
ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر قەدىمى، بىر خىل توختام ۋە
بىرخىل مەسئۇلىيەت ئىكەن.

— ئۇنداقتا، سەن ئۆكۈنمەمسەن؟ — نارا يەنە
سورىدى.

— ھەئە نارا، مەن ئۆكۈنمەيمەن، — لىندان خانىم بۇ
گەپلەرنى دېگەندە تاتىراڭغۇ چىرايىدا ئازراق كۈلكە

جىلۋە قىلدى. ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن ئانامـ.
نى ئۇزاتتىم، ئىككى ئۇكامنى بېقىپ چوڭ قىلدىم، ئۇلارنى ئۆيلىسام كۆڭلۈم ئەمىن تاپىدۇ ھەم خۇشال بولىمەن.

— شۇنداقمۇ؟

— سېنىڭچە، مەن ئۇلاردىن مەمنۇن بولماسلىقىم كېرەكمۇ؟

— ياق، كرىستىنا، مەن، مەن سېنىڭ خۇشاللىقىڭ ئۈچۈن سۆزلەۋاتىمەن. راستىنى ئېيتسام، مەنمۇ ساڭا بىر ئىشنى دەپ بەرمەكچى. مەنمۇ ئۆزۈم مەمنۇن بولۇپ خۇشاللىنىدىغان بىر ئىش قىلدىم، نارانىڭ چىرايلىق چېھرىدىن بەخت تۇيغۇسى تېپىپ چىقتى. لېكىن ئۇ گېپىنى دۇدۇقلاپراق داۋاملاشتۇردى، — بىراق، بۇ گەپنى مەن پەقەت ساڭىلا دېيەلەيمەن، توفا بىلىپ قالسا بولـ. مايدۇ. ناۋادا ئۇ بىلىپ قالسا ئىش بۇزۇلىدۇ.

لىندان خانىم نارانىڭ سەبىيلەرچە گېپىنى ئاڭلاپ، «بۇ يەنە نېمە گۆدەكلەرچە ئىش قىلىپ يۈرگەندۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن كەچۈردى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— نارا، مېنىڭ گۆدەك دوستۇم، سەن نېمە ئويۇنـ.
لارنى ئوينىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، كرىستىنا، مەن ئويۇن ئويناۋاتقىنىم يوق، ساڭا راست گەپنى قىلىۋاتىمەن. مەن توفانىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇردۇم.

— قانداق قۇتۇلدۇردۇڭ؟

توفا ئاغرىپ قالدى. كېسىلى ئىنتايىن ئېغىر ئى-
دى. دوختۇرلار: «جەنۇبقا بېرىپ كۈتۈنۈپ داۋالانسۇن،
بولمىسا هاياتى خەۋپكە ئۇچرايدۇ» دېدى. لېكىن ئۇ
چاغدا قولىمىز قىسقا ئىدى. مەن توفانىڭ كېسىلى
مېنى ۋە ئائىلىنى دەپ چارچاشتىن بولغان، ئۇنىڭغا
تېگىشلىك ۋاپادارلىقىمنى يەتكۈزۈشۈم كېرەك دەپ ئويـ-
لىدىم، شۇنىڭ بىلەن 1200 يۈەن قەرز ئېلىپ توفانىڭ
جەنۇبتا داۋالىنىشىغا ئىشلەتتىم. هازىر ئۇنىڭ كېسىلى
سەللىمازا ساقايدى. دەپ باققىنا، مەن بۇ ئىشنى تولىمۇ
ئەپچىل هەم كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇپتىمەنمۇ؟ نا-
رانىڭ سۆزلەۋېتىپ لىندان خانىمغا تىكىلگەن زەڭگەر
كۆزلىرى يالىلداپ پارقىرايتتى. ئۇ خۇددى بۇ ئائىلىگە
قالتىس بىر ئىش قىلىۋەتكەندەك ناهايىتى مەغرۇر
كۆرۈنەتتى.

— نارا، مېنىڭ ئوبدان دوستۇم، ماڭا ئېيتقىنا،
بۇنچە كۆپ پۇلنى سەن نەدىن هەل قىلدىڭ؟ پەقەت قەرز
ئېلىش ئۇسۇلى بىلەنلا هەل قىلمىغانسەن هەقاچان؟!
— لىندان خانىم چۆچۈپ سوراشقا ئۆتتى، — لاتارىيە-
دىن مۇكاپات چىقتىمۇ ياكى پۇلنى قانداق خەجلەشنى
بىلىدىغان داداڭدىن ئالدىڭمۇ؟

— قارا، دەۋاتقان گېپىڭنى، مەن بۇ پۇلنى هەقىقەتەن

باشقىلاردىن قەرز ئالغان بولسامچۇ؟

— نارا، چاقچاق قىلما، خوتۇن كىشىگە ئېرى قو- شۇلمىغان ئەھۋالدا باشقىلار قەرز بېرەلمەيدۇ. بولۇپمۇ بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە شۇنداق. ناۋادا شۇنداق قىلسا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ، — ئەمدى لىندان خانىم ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇشقا باشلىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان نارا ئۆزىنى ئاقلىماقچى ۋە ئۇنى قايىل قىلماقچى بولۇپ قايتا سورىدى:

— ئەگەر ئۇ ئايال — يولى بار، چارە - تەدبىرلىك بولسا...

— نارا، — لىندان خانىم ئەمدى تاقەت قىلالماي ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى، — مېنىڭ ئوبدان دوستۇم، ماڭا بۇنداق گەپلەر بىلەن چاقچاق قىلمىساڭچۇ؟!

— ھا - ھاي! سەن بۇ ئىشتىن ئەنسىرىمە، — نارا توپتەك ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئورنىدىلا بىر پىرقىرىۋېتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، —مەن... مەن بۇ پۇلنى ساڭا پەقەت قەرز ئالدىم دېمىدىم، قەرز ئېلىشتىن باشقا مېنىڭ ئۆزگىچە ئۇسۇلۇم يوقمىكەن؟ — ئۇ بىر- دىنلا ئۆزىنى ساپاغا ئاتتى. ئاندىن زەڭگەر كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىپ دېدى، — ئەگەر بۇ پۇلنى مېنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئەر كىشى بەرگەن بولسىچۇ، ئايال كى- شى ماڭا ئوخشاش چىرايلىق بولسا...

— نارا، چاقچاق قىلماي گېپىڭنى ئۇدۇل دەپ

باقتىنا، ــ لىندان خانىم كەسكىن تۇستە ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ تۇراتتى، بىردىنلا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. شۇندىلا لىندان خانىم:

ــ بىرى كەلگەن ئوخشايدۇ، مەن ئەمدى قايتاي، ــ دەپ ئۆزرە قويدى.

ــ ياق، كەتمەي تۇر، بۇ ئۆيگە ھېچكىم كىرمەيدۇ. ئۇ چوقۇم توفانى ئىزدەپ كەلگەن ئادەم، ــ نارا گېپىنى ئەمدىلا تۈگىتىشىگە ئىشىك ئېچىلىپ، چىرايى تۇتۇلغان، ئورۇق، ئېگىز بىر ئادەم كىرىپ كەلدى ـ دە، ناراغا قاراپ بوغۇق ئاۋازدا:

ــ ھېرموۋ خانىم، بەك ئۇنتۇغاق ئىكەنسىز، تېخى نەچچە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا مېنى تونۇماس بولۇپ قالغاندەك قىلىسىز، ئۇنداقتا مەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇراي، مەن كوللوخىستا بولىمەن. ئېرىڭىز ئوينايپ ئۆرۈۋەتكەن پېشكا، ــ دېدى.

بۇ كۈتۈلمىگەن مېھماننىڭ پەيدا بولۇشى ئىككى ئايالنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. شۇنداقتىمۇ نارا ئۆز ئادىتى بويىچە دادىل ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ ئەسلىدە سىز ئىكەنسىزدە، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ ــ سورىدى ئۇ تۆۋەن ۋە دانە ـ دانە تەلەپپۇزدا.

ــ شۇنداق، خانىم، مەن ئەسلىدە يېڭى باشلىقىمىز بىلەن بانكىنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا ئازراق سۆزلىشەي دەپ ئويلىغانىدىم، سىز بىلەن سۆزلەشسەممۇ... خانىم،

سىز بىلەن سۆزلەشسەممۇ بولىدۇ، قىسقىلا گەپ...»
— ئۇنىڭ چوڭقۇر چاناقلىرى ئىچىدە پولتىيىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئادەمنى ۋەھىمىگە سالىدىغان ئوت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. نارا تاقەت قىلالماي ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:
— ئېرىم هازىر يوق. سۆزلەشكۈڭىز بولسا ئۇنى تېپىپ سۆزلىشىۋېرىڭ.
ئۇ ئادەم ئەدەپ بىلەن شىلەپىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ چىقىپ كېتىشىگىلا، نارا ساپاغا ئۆزىنى تاشلاپ، ئۇلۇغ بىر تىنىدى.
ئۇ ئادەم ئىشىكتىن كىرگەندە لىندان خانىممۇ هاڭ ـ تاڭ قالغان ۋە دەرهال ئۆزىنى چەتكە ئالغانىدى. كۆڭلىدە بولسا «بۇ ئۇغۇ، بۇ ئۆيگە نېمىشقا كەلگەندۇ؟ نارانىڭ ئۆيىگە كېلىدىغان نېمە ئىشى باردۇ؟ ئۇنىڭ نارانىڭ ئائىلىسى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى باردۇ؟ نارا نېمە ئۈچۈن ئۇنى كۆرۈپلا شۇنچە جىددىيلىشىپ كېتىدۇ....» دېگەن تەئەججۇپلۇك خىياللار كۆڭلىگە كەچكەنىدى.
— نارا، ئۇ ئادەم كىم؟
— ئىسمى كوللوخىستا، بىر ئادۋوكات.
«دېمەك، ھەقىقەتەن شۇ ئىكەن.» لىندان خانىم ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى.
— سەن ئۇنى تونۇيدىغان ئوخشىمامسەن؟ — سورىدى نارا.

— ئازراق، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىلى ناھايىتى ئۇزۇن بولدى.

— بولدى، ئۇنىڭ كېپىنى قىلىشمايلى، سەن ئۆزۈڭنىڭ كېپىنى دېگىنە، بىزنىڭ مۇشۇ يەردىن بىرەر خىزمەت تېپىشنى ئويلىشىۋاتامسەن؟

— ھەئە، كېزىتتىن ھېرموۋنىڭ دىرېكتور بولغانلىق خەۋىرىنى كۆرۈپ، ئۇنى ماڭا ياردەم قىلارمىكىن دەپ ئويلاپ....

نارا لىندان خانىمنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، سۆزىنىڭ تۈگىشىنىمۇ كۈتمەي ئۇنى ناھايىتى قىزغىن كەيپىياتتا قۇچاقلىدى. توفاغا دەپ، ئۇنى لىندان خانىمغا چوقۇم ياردەم قىلىشقا كۆندۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ چاغدا كىتابخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، توفا بىلەن رانكې ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ چىقىپ كەلدى، نارا شۇئانلا رانكېغا كرىستىنانى تونۇشتۇردى:

— مەن نارادىن دائىم لىندان خانىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلايدىغان ئەسلىدە سىز ئىكەنسىز، كۆرۈشكىنىمگە كۆپ خۇرسەنمەن، ھېلى پەلەمپەيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ سىز بىلەن كۆرۈشتۈمغۇ دەيمەن، — دېدى رانكې.

— شۇنداق، بىز كۆرۈشكەن، لېكىن پۈتۈمىنىڭ ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەس، پەلەمپەيگە چىقسام ئاۋايلاپ ئاستا ماڭىمەن، — دېدى لىندان خانىممۇ جاۋابەن.

نارا يۈگۈرۈپ ھېرمىوۋنىڭ يېنىغا باردى ــ دە، ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتقۇشلاپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى.

ــ توفا قاراڭە، بۇ كرىستىنا، مېنىڭ كونا ساۋاقـ ـدىشىم. بىز توي قىلغاندا ئۇ مېنىڭ قىز قولدىشىم بولغان، ئېسىڭىزدىن چىقىپ قالدىمۇ؟

ــ شۇنداق، شۇنداق، ئېسىمدە، لېكىن سىز بەك ئۆزگىرىپ كېتىپسىز لىندان خانىم، ــ دېدى ھېرموۋ سىلىق ـ سىپايە دەسسەپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەدەپ بىلەن كۆرۈشكەچ.

ــ كرىستىنا ئىش قىلىشتا چېۋەر، بىلىمى مول، ــ نارا دەرھال ئۇلارنىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ گەپ قىستۇردى، ــ ئۇ قابىلىيەتلىك بىر ئادەمنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن. مۇددىئاسى بىلىمىنى ئاشۇرۇش ئىكەن. توفا، سىز ئۇنىڭغا ياردەم قىلالارسىزمۇ؟

ــ بۇ قولىمىزدىن كەلمەيدىغان ئىش ئەمەس، ــ ھېرموۋ لىندان خانىمغا سىنچى كۆزلىرىنى تاشلاپ ئۇنىڭدىن سورىدى،ــلىندان خانىم، سىز ھازىر يالغۇز ـ غۇ دەيمەن.

ــ شۇنداق، لىندان ئەپەندى بىرنەچچە يىل ئىلگىـ ـرىلا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاناممۇ قازا قىلـ ـدى. ئۇكىلىرىم يېقىندا خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. ئەمدى مەن ئۆزۈممۇ بىرەر ئىش قىلىش كويىدا يۈرەتتىم.

گېزىتتىن سىزنىڭ شان ـ شەۋكەتكە ئېرىشكەن خەۋە-رىڭىزنى كۆردۈم. ئەگەر سىزنىڭ قول ئاستىڭىزدا بىرەر ئىش قىلالىغان بولسام، ئەلۋەتتە ناھايىتى ياخشى بولاتتى، — لىندان خانىم گېپىنى تۈگىتىپ، ئىشەنچ ۋە ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى ھېرمىوۋغا تىكتى.

— بولىدۇ، ياخشى، سىز مۇشۇنداق ئويلىغانىكەن-سىز، مەنمۇ سىزگە قىلىدىغان بىرەر ئىش تېپىپ بې-رىشىم مۇمكىن.

ھېرمىوۋنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمىگەنىدى، نارا خۇ-شاللىقىدىن چاۋاك چېلىپ سۆزلەپ كەتتى:

— كرىستىنا، قانداق، مەن توغرا دەپتىمەنمۇ؟

— ھەئە، توغرا دەپسەن، مەن سىز ۋە ناراغا قانداق رەھمەت ئېيتسام بولار؟

— لىندان خانىم، بۇ قېتىم ئىشىڭىز ئوڭدىن كەل-دى، — ھېرمىوۋ چاپىنىنى كىيگەچ گېپىنى داۋاملاش-تۇردى، — بۇنچىلىك ئىشقا رەھمەت ئېيتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، كەچۈرىسىز، سىلەرگە ھەمراھ بولالمايدىغان بولدۇم.

رانكې دوختۇر ھېرمىوۋنىڭ سىرتقا چىقماقچى بو-لۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن بىردەم تۇرۇپ تۇرۇ-شىنى ئۆتۈندى. ئاندىن پەلىيىنى مەشكە قاقلاپ قۇرۇتۇپ كىيدى ۋە نارانىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ، ھېرمىوۋ

بىلەن بىللە چىقىپ كەتتى.

— رانكىي دوختۇر، بۈگۈن ئاخشام سىزمۇ چوقۇم كېلىڭ! — نارا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن توۋلىدى.

— مېنىڭ پەرىشتەم، بۈگۈن ئاخشام ھاياتلا بولسام چوقۇم كېلىمەن! — رانكېمۇ بۇرۇلۇپ ناراغا قاراپ قول پۇلاڭلاتتى.

لىندان خانىممۇ چاپىنىنى كىيدى. سەپەر سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ناراغا قاراپ:

— نارا، مەنمۇ مېڭىشىم كېرەك، سىلەرنى يەنە ئاۋارە قىلىشۇەرسەم بولمايدۇ. رەھمەت ساڭا، سەن يەنىلا ئىلگىرىكىدەك ئاق كۆڭۈل ئىكەنسەن، — دېدى.

— تولىمۇ ئەپسۇس، بىزنىڭ بوش ئۆيىمىز يوق، شۇڭا سىنى ئېلىپ قالالمايدىغان بولدۇم....

ئۇلار ئەمدىلا ئىشىكتىن چىقىشىغا، ئاننا باللارنىڭ ئۈچىلىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەنىدى، نارا ئۇلارنى قۇچاقلاپ، قىن-قىنىغا پاتماي سۆزلەپ كەتتى:

— كېلىڭلار، جانجىگەرلىرىم! كۆردۈڭمۇ كرىستىنا، بۇلار نېمىدېگەن ئوماق-ھە!

باللار ھېرمودىن ئۇنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى سورىغانىدى. ھېرموۋ ئۇلارغا كۈلۈپ تۇرۇپ جېكىلىدى:

— كەپسىزلىكنى ئازراق قىلىڭلار-ھە! مەن بىر-

دەمدىن كېيىنلا قايتىپ كېلىمەن.

ئەرلەر كەتكەندىن كېيىن، لىندان خانىم يەنە قايتا ناراغا قاراپ ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا:

— نارا، مەن سېنىڭ ئىچىڭدە گەپ ياتمايدىغانلىقىنى بىلىمەن، بۈگۈن چىرايىڭدىنلا مەندىن بىرەر ئىشنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىڭنى بىلىپ قالدىم. بىرەر ئىش بولغان بولسا، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئىچىڭگە يۇتۇپ يۈرۈۋەرمەي ماڭا ئېيت، ساڭا ياردەم قىلىمەن، ماڭا ئىشەنگىن، — دېدى.

نارا لىندان خانىمنى ئۆزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئانىنىڭ قولىدىن كەنجى بالىسىنى ئېلىپ قۇچاقلىدى. ئۇنى ئاسمانغا ئېتىپ ئويناتتى، ئاندىن بالىسىنى قۇچاقلىغىنىچە شۇنچە چوڭ ساراي ئۆينى ئۇششاق ۋە تېز قەدەملىرى بىلەن بىر ئايلىنىپ چىقتى. بۇنى كۆرگەن بالا باققۇچى ئانىنا موماي نارانىڭ ئۆزىنىڭمۇ تېخى كىچىك بالا ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، مەستلىكى كەلگەن ھالدا بېشىنى چايقاپ قويدى. نارا ئاناناغا ئۆيگە كىرىپ قەھۋە ئىچىپ ئىسسىنىۋېلىشنى ئېيتتى. ئۆزى بولسا ھە دەپ بالىلارنىڭ چاپىنىنى سالدۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. سالدۇرغان چاپانلارنى خالىغان يەرگە ئاتاتتى. يەنىلا ئانىنا بېرىپ ئۇ چاپانلارنى تېرىپ، قاتلاپ جايىغا قويۇپ قويدى.

بالىلار قەغەز بولاقلارنى ئېچىپ، ئىچىدىكى نەرسىلەرنى

كۆرمەكچى بولۇشقانىدى، نارا كۆرسەتمىدى، ئاندىن ئۇ چوڭراق ئىككى بالىسى بىلەن مۆكۈشمەك ئوينىدى. نارا ئۈستەلنىڭ ئاستىغا مۆكۈۋالغانىدى، ئىككى بالىسى ھەر قانچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدى. بۇ ئىش ناراغا قىزىق تۇيۇلۇپ، ئۆزىنى باسالماي قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى، بالىلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، ئۈستەل ياپقۇچىنى قايرىپ قاراپ:

— تاپتۇق! تېپىۋالدۇق! — دەپ ۋارقىراشتى.

نارا ئۈستەلنىڭ ئاستىدىن سۇغۇرۇلۇپ، ئۆمىلەپ چىقتى. چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، پاخپايغان، بالىلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئەتەي «جىن»غىلا ئوخشىۋالغانىدى. ئۇلار قىقاس ـ سۈرەن بىلەن ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ جىرىڭلىغىنىنىمۇ ئاڭلىماي قېلىشتى.

— كەچۈرىسىز خانىم، ئىشىك ئوچۇقكەن، كىردىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بۇرۇلۇپ قارىغان نارا ھاڭ ـ تاڭ قالدى:

— سىزمىدىڭىز، ئۆيگە قانداق كىردىڭىز؟ — نارا سۆزلەۋېتىپ، ئىختىيارسىز يېرىم يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— كەچۈرىسىز، ھېرموۋ خانىم، قوڭغۇراقنى باستىم، ئىشىك ئوچۇق ئىكەندۇق، شۇڭا ئۇدۇل كىرىۋەردىم. سىلەر ئانا ـ بالىلارنىڭ خۇش كەيپىياتىڭلارغا دەخلى

قىلىدىغانلىقىمنى ئويلاپ يەتمەيتىمەن، — كوللوخىستا-نىڭ ئۈچىسىدا پەلتو، شىلەپىسى قولىدا بولۇپ، ئۆزى روھسىز، ئاۋازى تولىمۇ تۆۋەن ئىدى.

نارا باللارغا ئانىنا بار ئۆيگە كىرىپ كېتىشنى ئېيتىۋىدى، چوڭ ئوغلى ئۇنىڭغا:

— ئانا، قورقما، مەن بار، بۇ ئەپەندى سېنى بوزەك قىلالمايدۇ، — دېدى.

— ئوغلۇم، مېنى نېمىشقا بوزەك قىلىغۇدەك، بۇ ئەپەندىمنىڭ مەن بىلەن سۆزلىشىدىغان ئىشى بار ئىدى-كەن، ماڭغىن، ئانانىڭ يېنىغا بارغىن، ئۇ سىلەرگە ئازراق يەيدىغان نەرسە بەرسۇن، — نارا باللارنى خاتىر-جەم قىلىپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئىشىكنى ياپتى. ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ:

— كوللوخىستا ئەپەندى، ئېرىم يەنە ئۆيدە يوق، — دېدى. ئۇ ئۇدۇللا گەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلى دەككە - دۈككىدە ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭغا ھەممە ئىش ئايان، بۇ ئادەم ئۆزى بىلەن ھېسابلاشقىلى كەلگە-نىدى. نارانىڭ ئىلگىرى بەرگەن قۇربانلىقلىرى، ئۆزى بەگ - ئۆزى خان ئۆتكۈزگەن مەمنۇنىيەتلىك تۇرمۇشلى-رى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن ئىش بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بۇ ئائىلىدىكى ئورنىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى مۇشۇ غەلىتە مىجەزلىك ئادەمگە باغلىق؛ ئىستىقبالى ئۇنىڭ قولىدا ئىدى.

— بۇنى مەن بىلىمەن، — دېدى ئۇ ئەپەندى سو-
غۇققىنا.

— بىلسىڭىز، يەنە نېمىشقا كەلدىڭىز؟

— مىلاد بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشكە ھېچقانچە ۋاقىت
قالمىدى. بۇ بايرامنى ياخشى ئۆتكۈزۈش - ئۆتكۈزەلمەس-
لىكىمىز سىزگە باغلىق، خانىم.

— گەپنى ئەگىتمەي ئۇدۇللا دېسىڭىزچۇ، قەرزد-
ىڭىزنى بۈگۈن قايتۇرۇۋېتەي دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن
ھەممىسىنى تەييارلاپ بولالمىدىم. ئالدىمىزدىكى ئۈچ
كۈن ئىچىدە چوقۇم قايتۇرۇۋېتىمەن.

— ياق خانىم، مېنىڭ ھازىر ئۇ قەرزنى سۈرۈشتە
قىلىشقا ۋاقتىم يوق. ئۇ «ھۆججەت» ئىسپاتلىق نەرسە،
ھېچ يەرگە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. مېنىڭ بۈگۈن ئىككى
قېتىم كېلىپ سىزنى ئاۋارە قىلىشىم باشقا بىر ئىش
ئۈچۈن.

— نېمە ئىش، تېز ئېيتىڭ، ھېرمۇۋ بىردەم-
دىن كېيىنلا كېلىپ قالىدۇ.

— بولىدۇ، مەن ئېيتاي، سىز ھەرقانداق ئىشنى
قىلىپ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان قالتىس ئايال، مەنمۇ
سىزگە مەدەت بېرىپ قوياي. ئالدىرىماي سۆزلەشسەكمۇ
ئۈلگۈرىمىز. خاتىرجەم بولۇڭكى، ئېرىڭىز بىرەر سائەت
ئىچىدە قايتىپ كېلەلمەيدۇ. مەن ئۇنىڭ بىر ئايال بى-
لەن بىللە يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم.

— شۇنداق، ئۇ بىر ئايال بىلەن بىللە، شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟!

— سىزدىن سوراپ باقاي، ئۇ ئايال لىندان خانىمغۇ دېيمەن؟

— شۇنداق، ئۇ لىندان خانىم، سىز ئۇنى قانداق تونۇيسىز؟

— بولدى قويۇڭ، بۇنى كۆپ سورىماڭ، لېكىن مەن ئېرىڭىزنىڭ ئۇ ئايالنىڭ بانكىدا ئىشلىشىگە ماقۇل بولغانلىقىنى بىلىمەن.

— شۇنداق. لېكىن سىزنىڭ بۇنىڭ بىلەن نېمە كارىڭىز؟ ئۇنىڭغا كېپىل بولغان ئادەم مەن. سىز ھەر-گىزمۇ ئايال كىشىنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭ، كوللوخىستا ئەپەندى، لېكىن ئادەم باشقىلارنىڭ قول ئاستىدا بىر ئىش قىلغاندا ئىنتايىن دىققەت قىلىشى كېرەك. ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ چىشىغا تەگمەسلىك....

ئۇ ئەربابنىڭ چىشىغا تەگمەسلىك كېرەك، شۇن-داقمۇ؟ — كوللوخىستا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق.

«بۇ ئادەمگە گەپ تېپىپ بەرمەك ئىنتايىن تەسكەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرۇپ جېدەللەشمەي، ئامال قى-لىپ ئۇنى تېزرەك يولغا سالاي.» بۇ ئەھۋالنىڭ ئۈستىگە ھېرمۇۋ چۈشۈپ قالسا ھەممە ئىش تۈگەيدۇ» نارا

شۇلارنى ئويلاپ كېيىنكى ئاۋاب بەرگەنىدى. كوللوخىستا تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ نارانى قىستاشقا باشلىدى:

— ھېرموۋ خانىم، سىز ئۆزىڭىزنىڭ جەلپكار ئىقتىدارىڭىز بىلەن ماڭا ئازراق ياردەم قىلىشقا ماقۇل بولارسىزمۇ؟

بۇ گەپ نارانى ئويغا سالدى. «ئۇ نېمە دېسە دەۋەرسۇن، مەن يالغاندىن ماقۇل بولۇپ ئۇنى يولغا سالاي، كېيىن ئۇنىڭ ئىشى بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ، سوغۇق كۆلگىنىچە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— مەن سىزنىڭ نېمە ئىشىڭىزغا ياردەم قىلىمەن؟

— سىز بىر ئامال قىلىپ، مېنىڭ بانكىدىكى ئاشۇ بىر كىچىككىنە خىزمەت ئورنۇمنى ساقلاپ قېلىشقا ياردەم قىلسىڭىز بولاتتى.

— سىز ياخشى ئىشلىسىڭىزلا، خىزمەت ئورنىڭىزنى كىم تالاشقۇدەك؟

— ھېرموۋ خانىم، سىز بۇ ئىشنى بىلمەس بولۇۋالمىسىڭىز، سىز ئاشۇ ئايالنى بانكىغا خىزمەتچىلىككە كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا كېپىل بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا مەن ھەيدەلدىم.

— لېكىن مەن بۇ ئىشنى پەقەتلا...

نارا قىلغان ئىشىنى كۆڭلىدىن بىر ئۆتكۈزۈپ چىقتى. ئىشىنىڭ بۇنداق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىشىنى ئۇ

ھەرگىزمۇ ئويلىمىغانىدى. لىندان خانىمنىڭ ئورنى راستىنلا ئۇنى تېپىپ چىقىرىشۋەتكەن بولسا!

— بەلكىم سىز ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، مەن بۇ ئىشنى سىزدىن كۆرمەيمەن. لېكىن بۇ ئىشنى پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن توسۇشقا ھازىرمۇ ئۈلگۈرەلەيسىز.

— ھەي، بۇ ئىشنى بېجىرىش ماڭا بەك تەس بىلىنىۋاتىدۇ.

— شۇنداق خانىم، سىزنىڭ ئىلگىرى بىر قېتىم قەددىڭىز سۇنغانىدى. بۇ قېتىم يەنە بىر نۆۋەت سۇندۇرۇشقا مەجبۇر بولىدىغان بولدىڭىز. تولىمۇ ئەپسۇس، تەقدىر سىز بىلەن مېنى مانا مۇشۇنداق خەتەرلىك بىر يولدا مېڭىشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنى يوشۇرمايمەنكى، سىز ئۆزىڭىزنى، مۇشۇ ئائىلىڭىزنى قۇتقۇزماقچى بولىدىكەنسىز، ئالدى بىلەن مېنى قۇتقۇزۇشىڭىز كېرەك. جاۋابىڭىزنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىمەن، ئەگەر بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىسىڭىز ... ئۇنداقتا...

— ئۇنداقتا سىز قانداق قىلماقچى؟

— مەلۇم بىر ۋاقىتتا، ئېرىڭىز خەت ساندۇقىنى ئاچقاندا ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپىدۇ. خەير – خوش خانىم، يەنە بىر قېتىم ئاۋارە قىلغانلىقىمنى كەچۈرۈڭ، — كوللوخىستا گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، شىلەپىسىنى بېشىدىن ئېلىپ ھۆرمىتىنى بىلدۈرگەندىن

كېيىن ئۇنى قايتا كىيدى. ئاندىن گىرۋىكىنى تۆۋەن باسۇرۇپ تۈزەشتۈرۈپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

نارا ئۇنىڭ قەدەم تىۋىشىنىڭ يىراقلاشقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا، ئاندىن خۇددى پالەچ ئادەمدەك ئۆزىنى ساپاغا تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆزى تورلىشىپ، ئىچى قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك بولدى.

* * *

كوللوخىستا ھېرموۋنىڭ ئۆيىدىن چىققاندا، ھاۋا سەل جۇدۇن بولۇپ، سوغۇق شامال ئۇششاق قار ئۇچقۇنلىرىنى ئۇچۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ پەلتونىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ، قوللىرىنى ئۇنىڭ يانچۇقىغا تىقتى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. نارانىڭ قورققىنىدىن ئېسىنى يوقاتقانلىقى چىقىپ تۇرغان زەڭگەر كۆزلىرى ھە دېسە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەيتتى. ئۇمۇ ناراغا قەستەن زىيانكەشلىك قىلماقچى ياكى ئۇنى تار يەردە قىستىماقچى ئەمەس. ئۇ بۇنى تەقدىرنىڭ ئۇنىڭغا ئادىل مۇئامىلە قىلمىغانلىقىدىن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇش دەپ چۈشىنەتتى.

«ھېرموۋ قانچىلىك ئادەمتى ئۇ، ئادەتتىكىچە بىر ئادەم، خالاس. ئۇنىۋېرسىتېتتا بىللە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا ئۇ ئوتتۇراھال نەتىجە بىلەنمۇ ئوقۇيالمايتتى. كۆن

بويى قىزلارنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ، قىز بالىنىڭ مىجەزىنى ئېلىپ قالغان. دائىم قىزلارغا ھېجىيىپ يۈرىدىغان بىرنېمە ئىدى، خالاس. ئۇ ھازىر نېمىسگە تايىنىپ شۇنچە يوغانچىلىق قىلىدۇ؟ دىرېكتور بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ ئۇنىڭ ھە دېسە باشلىقلارنىڭ ئالدىدا ياخشىچاق بولۇپ، ئۇلارغا يالغان ۋەدىلەرنى بېرىشتىن باشقا قولىدىن نېمە كېلەتتى؟ ئۇنىڭ قىلىدىغانلا ئىشى باشلىقلارنىڭ ئايالىنىڭ، بالىلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تىمىسقىلاپ سۈرۈشتە قىلىش، ئاندىن شۇ كۈنگە توغرىلاپ سوۋغا ئاپىرىش؛ باشلىقلارنى كۆرسە، ئۇلارنىڭ ئالدىدا قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ پايپېتەك بولۇش؛ قانداقلىكى ئادەم بولمىسۇن، ئورنى ئۇنىڭدىن سەللا ئۈستۈنرەك بىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالسا، توپتەك ئىرغىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىتائەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈش؛ ئالدىدىكى ئادەم شۇ ئورۇندىن ئايرىلمىغۇچە ھەرگىزمۇ ئولتۇرماسلىق.»

كوللوخىستا شۇلارنى ئويلاپ مېيىقىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى. ھەم، ھېرموۋ ئۆزىنى تېخى ئالىيجاناب، ئەخلاقلىق ئادەم دەپ ھېسابلاپ يۈرسە كېرەك. ئۇ كۆندۈرۈلگەن ئىتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. گەرچە ئۇ ئىت بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ئۇنىڭ ئورنى بارغانسېرى ئۆسۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ ھېرموۋنىڭ كىتابخانىسىدا ئۆزىنى قوبۇل قىلغان ۋاقىتتىكى چىراي قىيايپىتىنى قايتا كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ھېرموۋ نېمە

ئۇچۇن ئۇنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئەسلىدە قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى باشقىلارغا ئېيتىپ قويۇشتىن قورقۇپ، شۇنداق قىلىشى تەبىئىي ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتىكى مۇناسىۋىتىمۇ تازا نورمال ئەمەس ئىدى. شۇڭا ھېرمىوۋنىڭ تا ھازىرغىچە ئۇنى كۆرسىلا يۈزى قىزىرىپ كېتەتتى....

كوللوخىستا بۇگۈن ھېرمىوۋنىڭ ئۆيىدە كۆرگەن ھېلىقى ئايال، ھېلىقى لىندان خانىم دېگەن ئەينى يىللاردىكى ئۆزىنىڭ يۈرگەن قىزى كرىستىنا ئەمەسمۇ؟ ئۇ كوللوخىستادىن بايراق بىر ئادەمگە تېگىۋالغان ئىدىغۇ؟ ئۇ قانداقلارچە بۈگۈن ئۆزى تەنھا ھالدا كرىستىنانساند شەھىرىگە كېلىپ قالغاندۇ؟ كېلىپلا ئۇنىڭ تاماق قاچىسىنى تارتىۋالغىنىچۇ تېخى! بۇ ئىشلار ئۇنىڭ كاللىسىنى گاڭگىرىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇدۇللا قاۋاقخانىغا كىرىپ بىر ئىستاكان ۋىسكىي ئالدى. ئۇنى بىر يۇتۇم ـ بىر يۇتۇمدىن ئىچىۋەتتى. كاللىسىدا بولسا ئۆتكەن ئىشلارنىڭ خاتىرىسى زاھىر بولماقتا ئىدى.

كوللوخىستا ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئادۋوكاتلىق ئورنىدا ئىشلىدى. كرىستىنا يۈز ئۆرۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇ بىر زاۋۇت خوجايىنىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلدى. ئۇ قېيناتىسىنىڭ بۇ زاۋۇتنى ۋارىسلىق قىلىشنى، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ كېڭەيتىپ قۇرۇپ، چوڭ ئىشلارنى قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ باققان،

لېكىن ئىشلار ئۇ ئويلىغاننىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. ئايالى بىر قىز تۇغقاندىن كېيىن، ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولدى. كېسىلى ئەجەللىك ئىدى. ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىشلەتكەن بىر خىل دورا شىپا قىلىدىغانلىقى ئېنىقلانغان بولسىمۇ، باھاسى ئىنتايىن قىممەت ئىدى. كوللوخىستا ئامالسىزلىقتىن، قېيناتىسىدىن قەرزگە پۇل سورىغانىدى، ئىشەنگەن ئادىمى ئۇنى ئۇمىدسىز قويدى. دادىسى بولغان ئادەم ئۆز قىزىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشقىمۇ پۇل قەرز بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن كوللوخىستا يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن كېپىل بولغۇچى كېرەك ۋە ئۇنىڭ تامغىسى بېسىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ قېيناتىسىنىڭ كېپىل بولغانلىق ھۆججىتىنى ياساپ چىقتى. ئۇ ئۆزى ئادۋوكات بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق قىلىشنىڭ ئېغىر ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. لېكىن كۆز ئالدىدىلا كېسەللىك ئالۋاستىسى ئايالىنىڭ قېنىنى بىر تېمىم-بىر تېمىمدىن شوراپ، جېنىنى ئېلىۋاتسا، ئۇ قاراپ تۇرالامتى؟! دېمىسىمۇ، بىر ئەر كىشى ئۆزىنىڭ تۇنجى ئايالىنىڭ تەدرىجىي ئۆلۈمگە يۈزلىنىۋاتقانلىقىغا ھېچقانداق ئامال ياكى ھەرىكەت قىلماي تۇرالمايدۇ دە! شۇڭا ئۇ مۇشۇنداق قانۇنغا خىلاپ ئىش قىلغان بولسىمۇ، ۋىجدانىي جەھەتتىن قوللاشقا ئېرىشكەنىدى.

ئاشۇ بىر ئاخشام ئۇنىڭ ئېسىدىن ھەرگىزمۇ چىقمايدۇ. ئۇ ئاخشىمى قېيىناتىسى ئۇنىڭ ئۆيىگە كې-لىپ، ئۇنى پەسكەش، شەخسىيەتچى، سەن مېنىڭ نا-مىمنى بۇلغىدىڭ، دەپ غەزەپ بىلەن ئەيىبلەپ كەتتى. كوللوخىستاغا ھەرگىزمۇ چۈشەندۈرۈش پۇرسىتى بەر-مەي، «ئۇستۇڭدىن سوتقا ئەرز قىلىمەن، تېگىشلىك جازايىڭنى تارتىسەن» دەپ داۋراڭ سالدى. جان ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغاندا، كوللوخىستامۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بولىدۇ، ئەرز قىلىسىڭىز قىلىۋېرىڭ، مەن تۇر-مىگە كىرسەم، قىزىڭىز كېسەلدىن ساقايغان تەقدىردىمۇ تۇل قالىدۇ. مېنى تۈرمىگە سولىتىۋەتسىڭىز، قىزىڭىزنىڭ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قۇت-قۇزمىغان پەسكەش ئەرۋاھىڭىزغا ئۇنىڭ نەزىر-چىرىغىنى ئۆتكۈزۈش پۇرسىتى بولۇپ قالار، خالىغى-نىڭىزنى قىلىڭ. لېكىن بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، ھازىرلا ئۆيدىن چىقىڭ، كۆزۈمدىن يوقىلىڭ!

كوللوخىستا ئاچچىقىدا بېرىپ، قېيىناتىسىنىڭ چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن ئىشىكنى ئېچىۋىدى، ئايالى سەنتۇرۇلۇپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەسلىدە ئىشىككە قۇ-لىقىنى يېقىپ، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتقانىكەن.

— ئاۋايلاڭ! — كوللوخىستا ئىختىيارسىز

ۋارقىرىۋەتتى ۋە يىقىلىۋاتقان ئايالىنى يۆلىۋالدى. ئايا-لىنىڭ چىرايى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەن، يۈز ـ كۆزى يىغلاپ يۇيۇلۇپ كەتكەندى. چاچلىرى بولسا چۇۋۇلۇپ پاخپىيىپ كەتكەن، ئورۇقلاپ قورايغا ئوخشاپ قالغان ئۇچىسىغا ئاق رەڭلىك ئۇخلاش خالتىنى ئورىۋالغان بولۇپ، قارىماققا ئازاب ـ ئوقۇبەتنى بولۇشىچە تارتقان پەرىشتىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئايالىنىڭ بۇ ئېچىـ-نىشلىق تۇرقىغا قاراپ، كوللوخىستامۇ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى ۋە ئۆزىنى باسالماي قېيىناتىسىغا قاراپ ۋار-قىرىدى:

— سىز ... سىز كۆزۈمدىن يوقىلىڭ!

پەقەت مۇشۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ئايالى ھېلىدىن بېرى يۇمۇقلۇق كۆزىنى ئاچتى. ئېرىگە يۆلەنگىنىچە دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، دادىسىغا:

— دادا ... رەھمەتلىك ئاپامنىڭ يۈزى ئۈچۈن بول-سىمۇ، سىز، ... سىز ئېرىمنى كەچۈرۈۋەتسىڭىز... مەن ... مەن ... ئۆز ئىختىيارىم بىلەن مۇلۇككە ۋارىس-لىق قىلىش ھوقۇقۇمدىن ۋاز كېچىمەن. سىز پە-قەت ... ئۇنىڭغا ئۆز قەلىمىڭىز بىلەن ئىمزا قويغانلى-قىڭىزنى ئېتىراپ قىلسىڭىزلا ... ئۆز قەلىمىڭىز...

ئايالى ئاخىر ئۆلۈپ كەتتى. كوللوخىستا قەرز قاي-تۇرۇش، قىزىنى بېقىش ئۈچۈن قىلالايدىغانلىكى ئىش-لارنىڭ ھەممىنى قىلدى. پۇل تېپىش ئۈچۈن ئۇ

مۇخبىرمۇ بولدى. ھەتتا ئەمەلىيەتتە بولمىغان ئاخباراتـ-
لارنىمۇ توقۇپ ساتتى. شۇڭا، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ مۇخـ-
بىرلىق ساھەسىدىمۇ سېسىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆ-
زىنى ئاقلاپ، تۇرمۇشىنى قايتىدىن باشلاش ئۈچۈن قىـ-
زىنى ئەگەشتۇرۇپ كرىستىئانساند شەھىرىگە كەلدى. ئۇ
ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى يوشۇرۇپ يۈرۈپ، بىر شىېرىك پاي
بانكىسىدا ئادەتتىكى بىر خىزمەتكە ئورۇنلاشقاندى. زې-
رەك ۋە ئىقتىدارلىقلىقى باشلىقلىرىنىڭ دىققىتىنى
تارتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆڭلىگە ياخشى ئىشلەپ، ئۆز
ئورنىدا ئۆسۈشنى، دىرېكتورلۇق ئورۇننى چوقۇم قولغا
كەلتۈرۈشنى پۈككەنىدى، تەقدىرنىڭ ئۇنى يەنە ھېرموۋ
بىلەن رىقابەتكە سېلىپ قويغىنىدىن ئۇ يا يىغلاشنى، يا
كۈلۈشنى بىلەلمەي قالدى. نېمە ئۈچۈن ھېرموۋدىن
ئېشىپ كېتەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنىمۇ چۈشىنەلمە-
دى. ئۇ ئارىلاپ بەزى سورۇنلاردا ھېرموۋ بىلەن ئۇنىـ-
ۋېرسىتېتتا بىللە ئوقۇغان ۋاقىتتىكى مۇناسىۋەتلىرى
ئۈستىدە سۆزلەپ قويغىنىدا، ھېرموۋ ئاچچىقلانمىسىمۇ،
يۈزى قىزىرىپ كېتەتتى ـ دە، كۈلۈپلا ئۆتكۈزۈۋېتەتتى.
كوللوخىستا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى يامان نامىنىڭ باذ-
كىدا تارقىلىپ يۈرۈشىنى ئېنىقلا ھېرموۋدىن كۆرەتتى.
چۈنكى ئۇ ئىلگىرى ئىشلىگەن ئادۋوكاتلىق ئورنىدا بىر
خىزمەتدىشى بولۇپ، ھېرموۋ بىر مەزگىل ئۇنىڭ بىلەن
قوشنا ئولتۇرغانىدى. بۇ ئىشلارنى ھېرموۋغا ئۇنىڭ

دېگەن ـ دېمىگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق ئىسپات يوق ئى-
دى. «نېمە بولسا بولسۇن، ھازىر ئەھۋال ئۆزگەردى. ئۇ-
نىڭ ئايالىنىڭ ئاجىزلىق نۇقتىسى مېنىڭ قولۇمدا!»
كوللوخىستا كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنىڭ ئېغىر ـ يې-
نىكلىكىنى مانا مۇشۇنداق دەڭسەپ چىقتى.

كوللوخىستامۇ ئۇنچە رەھىمسىز ئەمەس. ئۇ ناراغا
ئىنتايىن ھېسداشلىق قىلاتتى. نارا ھېرمووۋنى داۋال-
تىش ئۈچۈن، ئامالسىزلىقتىن ئۇنىڭدىن پۇل قەرز ئال-
غان. «بۇ كىچىككىنە خانىم قارىسا شۇنچە ساددىدەك
كۆرۈنىدۇ، لېكىن كۆزى ئادەم تونۇيدىكەن. سىلاپ ـ
سىيپاپ ئۇنىڭدىن شۇنچە كۆپ پۇلنى ئېلىۋالدىيۇ،
شۇنچە چوڭ ئىشنى ئېرىدىن سىر تۇتۇپ يۈرىدۇ. كول-
لوخىستا مۇشۇلارنى ئويلاپ، «ئەگەر ئۇ ئېرىنىڭ قارا-
رىنى ئۆزگەرتىپ، مېنىڭ داۋاملىق مۇشۇ بانكىدا خىز-
مەت قىلىشىمغا كۆندۈرەلىسە، مەن بۇ ئىشلارنى يوققا
چىقىرىۋېتەي» دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ ئويلاپ
مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كۆڭلى ـ كۆكسى خېلىلا ئېچى-
لىپ، قورسىقى بوشاپ قالغاندەك بولدى. ھاراقنىمۇ
خېلىلا كۆپ ئىچكەنىدى. ئەمدى بېرىپ قىزىنىڭ ھا-
لىدىن خەۋەر ئېلىشى كېرەك. ئۇ قىزىنى باشقىلارنىڭ
ئۆيىگە قاراپ تۇرۇشقا قويۇپ قويغانىدى.

* * *

كوللوخىستا كەتكەندىن كېيىن، نارانىڭ كۆڭلى ئەندىشىدە قالدى. ئۇ بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. «بىرىنى تېپىپ مەسلىھەت سېلىپ باقايمۇ؟ لېكىن كىمگە مەسلىھەت سالىمەن؟ كرىستىناغىمۇ؟ توغرا، شۇنىڭغا ئېيتاي. ئۇ تۇرالغۇ تېپىپ قويدۇم دېگەنىدى. ئۇ ئورۇنلىشىپ بولۇپ كەلسىلا شۇنىڭغا ئېيتاي.» نارا مۇشۇلارنى ئويلاپ كۆڭلى تىنچىپ قالغاندەك بولدى.

بۇ چاغدا باللار ئىشكتىن بېشىنى تىقىپ:

— ئانا، ھېلىقى ئادەم كەتتى. ئەمدى سەن يەنە بىز بىلەن ئوينايسەن، شۇنداقمۇ؟ سەن ماقۇل بولغانغۇ؟ — دەپ چۇرقىراشتى.

— بولىدۇ، سىلەر بىلەن ئويناي، لېكىن ھېلىقى ئادەمنىڭ كەلگەنلىكىنى داداڭلارغا ھەرگىز ئېيتماڭلار، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، بىز يەنىلا مۆكۈشمەك ئوينايلى. بۇ قېتىم مۆكۈش نۆۋىتى بىزگە كەلدى. ئانا، كۆزۈڭنى يۇم، بۇ تەرەپكە قارىما.

نارا ھارغىن ھالدا كۆزلىرىنى يۇمغانىدى، ئۇنىڭ غەم ـ ئەندىشىلىرى ئاللىقاياقلارغا تاراپ، كاللىسى قۇپـ قۇرۇق بولۇپ قالدى. «مۇشۇ ھالىتىمچە ئۇيقۇغا كەتسەم،

مەڭگۈ ئويغانمىسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

بۇ چاغدا ھېرموۋ قولتۇقىغا ھۆججەتلەرنى قىستۇرغىنىچە كارىدوردىن كىرىپ كەلدى. ئاندىن ساپاغا تاشلىنىپ ئولتۇرغان ناراغا قاراپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى. چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن نارانىڭ بۇنداق پەرىشان ھالىتىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— نارا، مېنىڭ تۇمۇچۇقۇم، نېمە بولدىڭىز؟ مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟

— ياق، ھېچ ئىش يوق، سەل چارچاپ قالغانىدەك قىلىۋاتىمەن شۇ، — نارا ئاغزىدا شۇنداق دەپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇۋالچىلىق تارتقان باللارغا ئوخشاش، ئىختىيارسىز ھالدا تاراملاپ ياش تۆكۈپ يىغلاپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن ھېرموۋ چۆچۈپ كەتتى ـ دە، دەرھال بېرىپ ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— يىغلىماڭ تىيىنچىقىم، مېنىڭ خۇش ئاۋاز تۇمۇچۇقۇم، ھەر كۈنى يۇگۇرۇپ ـ سەكرەپ ئويناپلا ئۆتەتتىڭىز، بۈگۈن نېمە ئۈچۈن يىغلايسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئانا، ئانا! — دەل شۇ چاغدا يۈگۈرۈشۈپ كىرگەن ئىككى ئوغلى چۇرقىرىشىپ ھېرموۋنىڭ دىققىتىنى تارتتى، — بىز مۆكۈپ تۇرغىلى ئۇۋاق، سىز نېمىشقا بىزنى ئىزدىمەيسىز؟

— بولدى ۋارقىراشماڭلار، ئاپاڭلار چارچاپ قاپتۇ،

چىقىپ كېتىڭلار، بىردەمدىن كېيىن مەن سىلەر بىلەن ئويناي، — دېدى ھېرمووۋ.

— بۇ ئىشنى مەن بىلىمەن، ھېلىقى ئەسكى ئادەم ئانامنى بوزەك قىلماقچى بولغانىدى، مەن ئانامغا مەن بار، قورقما دېگەنىدىم، — دېدى چوڭ ئوغلى دادىسىغا.

ھېرمووۋ شۇئان نارانى قويۇۋېتىپ، كوچا تەرەپتىكى دېرىزىنىڭ يېنىغا باردى. ئۆزى ئىنتايىن ئۆچ كۆرىدىغان ئورۇق، ئېگىز بويلۇق ئۇ ئادەمنى ئارقىدىن كۆرۈپ دەرھال قايتىپ كەلدى ـ دە:

— ئۇ نېمىشقا كەپتۇ؟! — دەپ نارادىن سوغۇق تەلەپپۇزدا سورىدى.

— كىمنى دەيسىز؟ — دېدى نارا ھېرمووۋنىڭ سوراۋاتقىنىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەسكە سېلىپ.

— كىمنى دەيسىز؟ ئۇنى مەن يەنە سىزگە دەپ بېرەمدىمەن؟

—رانكې دوختۇرمىكەن؟ ئۇ كەلگەن بولسا، نېمىشقا ئۆيگە كىرمەيدۇ؟

— نارا، سىز يالغان ئېيتىشنى بىلمەيدىغان قىز.... دەپ بېقىڭا، كوللوخىستا بۇ ئۆيگە نېمىشقا كەپتۇ؟...

— ئۇ ... سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئازراق ئىش بار ئىدى دەپ كەپتۇ.

—يالغان ئېيتىۋاتىسىز! ئۇ دەيدىغىنىنى ئاللىقاچان

ماڭا دەپ بولغان، مەنمۇ ئۇنى ئىشلەتمەيدىغانلىقىمنى ئاللىقاچان ئۇنىڭغا ئېيتقان! — ھېرموۋ قاتتىق ئاچ-چىقلىنىپ كەتتى، — ئۇ سىزنى مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزد-نىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ قويسىكەن دەپ كەپتۇ، شۇنداقمۇ؟!

نارا جانسىز بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى.

— ئۇ تېخى سىزگە يەنە، بۇنى ئۆزۈم شۇنداق ئوي-لىدىم دەپ يالغان ئېيتىپ قويۇشنى، ئۆزىنىڭ ئۆيە-مىزگە كەلگەنلىكىنى ماڭا ئېيتماسلىقىڭىزنى تاپىلى-دى، شۇنداقمۇ؟

ئۇ نارانىڭ سۇكۇتكە چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قەھر - غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلىدى. ئۇ ئاللانغا باللارنى ئېلىپ چىقىپ ئاناغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇدى، ئاندىن ئاۋازىنى مۇمكىنقەدەر تۆۋەن چىقىرىشقا تىرىشىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — نارا، نارا! مۇشۇنچە ئىشلارنى قىلىش قولىڭىزدىن كەپتۇ!

— ئاشۇنداق ئادەم بىلەن پاراڭلىشىپسىز! قويغان تەلەپلىرىگە ماقۇل بوپسىز! تېخى ماڭا يالغان ئېيتتى-ڭىز!

— مەن سىزگە يالغان ئېيتتىممۇ؟

نارانىڭ بىردىنلا جۇدۇنى ئۆرلىدى. ئۇ ئەمدىلا چىد-قىپ كېتىپ تۇرۇشىغا ھېرموۋ كىرگەن، ناراغا ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئېرىگە دېيىش - دېمەسلىكنى ئويلىنىش پۇرسىتىمۇ بولمىغانىدى، شۇڭا ئۇ ھېرموۋغا كايى-دى، — توفا، سىز نېمىشقا ماڭا بۇنداق تۆھمەت...

نارانىڭ ئۆزۈلچىلىقتا قالغان كەيپىياتىنى كۆرۈپ، ھېرمىۋۋنىڭ ئاچچىقى سەل ياندى. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇ قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— سىز نېمىشقا دەسلىپىدىلا ئۇ ئەبلەخنىڭ بۇ ئۆيگە كەلگەنلىكىنى ماڭا ئېيتمايسىز؟ تومۇچۇقۇم، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشلارنى ھەرگىز قىلماڭ، ناخشىچى تومۇچۇق ناخشىنى ئېنىق ئېيتىشى كېرەك. بۇنداق بوغۇلۇپ قالسا بولمايدۇ!

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ، نارانىڭ بېلىدىن ئېلىپ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەشىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ خىيالچان ھالدا ماتېرىيال قىسقۇچنىڭ ئىچىدىكى ۋاراقلارنى ئۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ ئادەتتىمۇ قەھرىتان قىشتا بالا - چاقىلىرى بىلەن بىللە مەشنىڭ ئالدىدا ئىسسىنىپ ئولتۇرۇشنى ئەڭ ھوزۇرلۇق ئىش دەپ بىلەتتى.

نارانىڭ كۆڭلى چىگىش ئىشلار بىلەن بىسەرەمجان بولسىمۇ، لېكىن ھېلىقى ئادەمنىڭ تاپىلىغان ئىشىنى چوقۇم بېجىرىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇ نازلىنىپ تۇرۇپ، ئېرىنى:

— توفا، — دەپ چاقىردى.

— نېمە ئىش؟ — ھېرمىۋ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— ئۆگۈنلۈككە ستېنبوۋېرلارنىڭ ئۆيىدە بولىدىغان نىقابلىق تانسا كېچىلىكى ئېسىڭىزدىمۇ؟

— نارا، ئۇنى ئىسىمگە سېلىپ قويۇپ ياخشى قىلدىڭىز، ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، ئۇ كۈنى سىز ئۇلارغا قانداق ئويۇن ئويناپ بەرمەكچى؟

— هازىرغىچە تېخى بىرەر ياخشى ئويۇننى ئويلاپ تاپالمىدىم. نېمىلا ئويۇننى ئويناي، ماڭا ئەرزىمەس بىلىنىۋاتىدۇ، — نارا سۆزلەپ بولۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى، ئاندىن هېرموۋنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ، ئۇنىڭ چېچىنى ئاستا سىلاشقا باشلىدى ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى هۆججەتلەرگە كۆز تاشلاپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — قاراڭە سىزنى توفا، دائىم مۇشۇنداق ئالدىراشلا يۈرىسىز. كۆرۈۋاتقىنىڭىز قانداق هۆججەتلەر ئۇ؟ ماڭىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ قويسىڭىزچۇ؟ ئۆگۈنلۈككە كەچتە نېمە كىيەمەن، نېمە تاقايمەن، قانداق ياسانسام ئويۇننى ياخشى ئوينىيالايمەن؟

هېرموۋ نارانىڭ بۇ نازۇ كەرەشمىلىرىدىن كۆڭلى يۇمشاپ ئېرىپلا كەتتى. ئۇنى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ، سىلاشقا باشلىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— هەي، هەي شوخ قىز، بۇنى مەن ھەقىقەتەن ئويلاشماپتىمەن، — دېدى.

ئۇلار بىرپەس سۆيۈشۈپ سىلاشقاچ، هەر قىسما گەپلەرنى قىلىشىشقا باشلىدى. نارا پۇرسەتنىڭ كەلگەنلىكىنى پەملىدى - دە، خۇددى باياتىن هېچ ئىش

بولمىغاندەكلا سىلىق ـ سىپايىلىك بىلەن سورىدى:

ــ ئېيتىپ بېقىڭچۇ، ھېلىقى كوللوخىستا خىز-مىتىدىن ئايرىلىپ قالسا قانداقمۇ قىلار؟

ــ قانداق قىلار؟ ئۇنداق ئادەملەر ئاچ ـ يالىڭاچ قې-لىشى، تۈرمىگە كىرىشى كېرەك!

ــ توفا، سۆيۈملۈكۈم، سىز نېمىشقا بۇنداق قور-قۇنچلۇق گەپلەرنى قىلىسىز؟ بولدى، ئۇ ئادەمنىڭ گې-پىنى قىلىشمايلى، بۇ ئىشتا مەن ئەيىبلىك، ــ نارا سۆزلىگەچ ھېرموۋنىڭ قۇچىقىدىن بوشىنىپ، ئەينەكنىڭ يېنىغا كېلىپ چاچ ۋە كىيىملىرىنى تۈزەشتۈردى. نارا كۆزلىرى يوغان، بۇلاقتەك ئويناپ تۇ-رىدىغان گۈزەل ئايال بولۇپ، ھېرموۋ ئۇنىڭغا كۆز ئۈزمەي قارىماقتا ئىدى.

ــ نارا، بۇياققا كېلىڭە، مېنىڭ سىزگە دەيدىغان گېپىم بار، ــ دېدى ئۇ ئاخىر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

نارامۇ ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، گىلەمنىڭ ئۈستىدىلا ئولتۇردى. قوللىرىنى ئۇنىڭ تى-زىغا، چىرايلىق ئېڭەكلىرىنى بىلىكىگە قويغاندىن كې-يىن، كۆك كۆزلىرىنى ئېرىگە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تىكتى.

ــ نارا، مەن ئەمدى بۇ ئىشنى سىزگە ئېيتمىسام بولمايدۇ، كوللوخىستا ئەخلاق ـ پەزىلەتتى ناچار، ئەسكى ئادەم، ئۇ ئىلگىرى يالغان ئىمزا ياساشتەك ئەسكى

ئىشلارنى قىلغان!

— يالغان ئىمزا ياسىسا نېمە بوپتۇ، بەلكىم شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغاندۇ....

نارانىڭ گېپى تېخى تۈگىمىگەنىدى، ھېرمو ئۇ-نىڭ قولىنى تىزىدىن ئىتتىرىۋېتىپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ سۆزلەپ قايناپلا كەتتى:

— ئېسىڭىزدە بولسۇن نارا، يالغاندىن ئىمزا يا-ساشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى سىز بىلەم-سىز؟ بۇ ئىش ئۇنىڭ قولىدىن ھەرقانداق ساختىپەز-لىكنىڭ كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنى بىز ئادۋوكاتلىق ساھەسىدە ئىشلىگەنلەر ئوبدان بىلىمىز، بۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ؟ ئاقىۋىتى شۇكى، بىر ئەر كىشى ئۆزىنىڭ نامىنى مەڭگۈلۈك بۇلغايدۇ، دېگەن گەپ!

— ئۇنداقتا، بۇنىڭغا باشقا ئامال يوقمۇ؟

— بار، جىنايەت ئۆتكۈزگەن كىشى ئاشكارا ئىقرار قىلىپ، تېگىشلىك جازاسىنى تارتسا، نامى ئەسلىگە كېلىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ئادەم ئۇنداق قىلمىدى. ئۇنىڭ ھازىرقى قىلمىش - ئەتمىشلىرىمۇ ئۇنىڭ يال-غان ئىمزا ياسىغان ۋاقتىدىكىگە ئوخشاشلا ساختا. ھىيلىگەر ۋاستىلەر بىلەن ئۆزىنى قانۇننىڭ جازاسى-دىن قاچۇرۇپ يۈرىدۇ. ئاخىر ئۇ يىغىشتۇرۇۋالغۇسىز

ئاقىۋەتكە قالىدۇ.

نارا ھېرموۋنىڭ يالغان ئىمزا ياساشنى كەچۈرگۈ-سىز ئېغىر قىلمىش دەپ سۆزلىگەنچە سۆزلەپ كېتىد-ۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەنسىرىدى ۋە لام- جىم دېمەي، ھېرموۋنىڭ سۆزلەپ بولۇشىنى كۈتتى. ھېرموۋ تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ ناراغا ئېزىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئويلاپ بېقىڭ نارا، بىر ئادەم ئاشۇنداق يۈزى تۆكۈلىدىغان ئىشنى قىلىپ قويغانىكەن، ئۇ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن كۈن بويى يالغان سۆزلەشكە، يالغان ھە-رىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا، باشقىلارنى ئالداشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ خىل ئادەملەر مەيلى ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمى، خوتۇن- بالىلىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ دوپ-پىسىغا جىگدە سېلىپ يۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزد-نى نابۇت قىلىسىغۇ كارى چاغلىق، قورقۇنچلۇقى، ئۇ-نىڭ بۇ ئىللەتلىرى پەرزەنتلىرىگىمۇ تەسىر يەتكۈ-زىدۇ!

— نېمىشقا، نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ — نارانىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ سورىدى.

— بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇنداق يالغانچىلىققا تول-غان مۇھىتتا ئائىلە تۇرمۇشى تامامەن زەھەرلىنىدۇ. شۇڭا بالىلار نەپەس ئالغان ھاۋادىمۇ جىنايەت باكتېرد-يىلىرى بولىدۇ.

— راست شۇنداقمۇ؟

— جىنىم نارا، مەن ئۆزۈن يىل ئادۋوكاتلىق خىز-
مىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ بۇنداق ئىشلارنى كۆپ كۆر-
دۈم، ياشلارنىڭ جىنايەت دېلولىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى
سۈرۈشتۈرۈپ كەلسەك، ئۇنىڭ تۈگۈنى يالغانچىلىقنى
ئادەت قىلغان ئانىسىغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

— سىز نېمىشقا ئانىسىنىلا تىلغا ئالىسىز؟ —
ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان نارا جالاقلاپ تىترىگىنىدىن
يېپىنچىسىنى يەلكىسىگە ئارتىۋالدى.

— ئەلۋەتتە، دادىسىنىڭ تەسىرىمۇ ئوخشاش بولىدۇ.
لېكىن ئادەتتىكى ئەھۋالدا كۆپىنچىسى ئانىسىنىڭ
تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ھازىر كوللوخىستامۇ قىزىنى زە-
ھەرلەۋاتىدۇ.

— ئۇنىڭ قىزى بارمۇ؟ ئۇنى سىز قانداق بىلىسىز؟

— ھەئە، بار، مەن بىلىمەن، بولسىلا، بۇ ھەقتە سىز
بىلەن كەپنى كۆپ ئەگىتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى
يوق. سىزگە ئېيتسام، بىز ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن سا-
ۋاقداش ئىدۇق. مەكتەپتىكى چاغدا ئانچە- مۇنچە ئارىلا-
شقان بولساقمۇ، لېكىن ئۇ ياش ۋاقتىمدا ئىش ئۇق-
ماسلىقتىن بولۇپ قالغان ئىشلار.... ئۇنىڭ قانداق
ئۇسۇللار بىلەن بىزنىڭ بانكىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان-
لىقىنىمۇ ھېچ بىلمىدىم. ئۇ ئادەتتە گەرچە مەن بىد-
لەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مەقسەتلىك داۋراڭ سېلىپ،

بولىسىمۇ، مەن يوق يەردە باشقىلارغا يامان گېپىمنى قىلىپ يۈرسىمۇ، ... سىزگە ئېيتىپ قوياي، بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئالدىمدا ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغۇچى بولماڭ ھەم مېنىڭ ئۆيۈمگە ئۇ ئىككىنچى پۇت دەس-سىگۈچى بولمىسۇن! مېنىڭ ئۇنداق ئادەم بىلەن بىللە خىزمەت قىلىشىم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ئۇنى خىز-مەتتىن مەن بوشىتىۋەتتىم، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئادەم-نىڭ ھېسداشلىق قىلىشىغا رۇخسەت يوق! — ھېرموۋ گېپىنى چورتلا ئۈزۈپ، ماتېرىيال قىسقۇچنى قولىغا ئېلىپ غۇدۇرىغىنىچە كىتابخانىغا كىرىپ كەتتى.

نارا ھېرموۋ كىتابخانىسىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن ئېسىگە كەلگەندەك بولدى. «ياق، ياق، مېنىڭ بالىلىرىم ھەرگىز زەھەرلەنمەيدۇ....»دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە.

ئىشىك ئېچىلىپ ئاننا كىردى. ئاندىن نارادىن با-لىلارنى بۇ ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇش - قويماسلىقنى سو-رىۋىدى، نارا بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

— ياق، ئەكىرمەڭ ئاننا، بۈگۈن بالىلار سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇرسۇن، مەن سەل چارچاپ قالدىم، — دېدى.

ئاننا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، نارا ئويلىنىشقا باشلىدى. قانچە ئويلىغانسېرى شۇنچە قورقاتتى. «بالى-لىرىمغا يامان ئۆگىتىش! ئائىلەمگە زىيانكەشلىك قى-لىش! ياق، بۇ گەپ توغرا ئەمەس، ھەرگىز توغرا ئەمەس!

مەن باللىرىمنى زىنھار يامان ئۆگەتمىدىم....»

* * *

ھېرموۋ بىلەن نارا ئىناق ـ ئىجىل ئۆتۈشەتتى. ھەر كۈنى ئاخشىمى نارا ئانىنىڭ باللارنى ياتقۇزۇشىغا يار-دەملىشەتتى، ئۇلارنى بىردىن ـ بىردىن سۆيۈپ، خەيرلىك تىلىگەندىن كېيىن ھېرموۋ ئىككىسىنىڭ ياتاق ئۆيىگە چىقاتتى. ئاندىن تۇرۇۋالغان چېچىنى يېشىپ، ساپسېرىق ئۇزۇن چاچلىرىنى قويۇۋېتەتتى ـ دە، يەرگە سۆرىلىپ تۇرىدىغان ئۇخلاش كىيىمىنى كىيىپ، ھېرموۋنىڭ يوتقىنىغا كىرەتتى. ئۇلار ياش ۋاقىتلىرىدىكىدەك ئۇن-چىۋالا بەك ھېسسىياتلىق بولمىسىمۇ، لېكىن مېھرى-بان ئەر ـ خوتۇنلۇقنىڭ لەززىتىدىن ھوزۇرلىنىپ مەستخۇش بولۇشاتتى.

نارا بۈگۈن ئاخشام ئۇنداق قىلمىدى، ئۇ مىلاد ئارچىسىنى زىننەتلەشنى باھانە قىلىپ، ھېرموۋنىڭ ئۇخلاپ تۇرۇشىنى ئېيتتى. ھېرموۋ ئۆزى يالغۇز ئۇخلاپ قالدى.

نارا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سېتىۋالغان ئارچىسىنىڭ يېنىغا ئۆزى يالغۇز كەلدى، لېكىن ئۇ ئازراقمۇ ئېچىلالمىدى. «يالغان ئىمزا ياساش»، «باللارنى زەھەرلەش» ــ بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزى قىلغان ئىشنى بۇ نۇقتىدىن

ھەرگىزمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى. ھازىر ئۇ ئۆزىنىڭ زادى نېمە ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى ئەستايىدىل ئويلاشقا باشلىدى.

ئۇلار توي قىلغان تۇنجى يىلى، ھېرمىۋۇ ھۆكۈمەت ئورگىنىدا خىزمەت قىلغاچقا مائاشى تۆۋەن ئىدى. يا ئەملى ئۆسمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خىزمەتتىن ئىس-تېپا بېرىپ، بىر ئادەم نەچچە كىشىلىك قارا خىزمەت ئىشلىدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە ئېغىر ئەمگەك قىل-غاچقا، چارچاشتىن كېسەل بولۇپ يىقىلدى. دوختۇر ئۇنى جەنۇبقا بېرىپ داۋالىنىشقا بۇيرۇغاندا، ئۇلارنىڭ قول ـ ئىلكىدە تۇزۇك ئىقتىساد يوق ئىدى. ھېرمىۋۇنىڭ بىر ئەقىدىسى بولۇپ، ھەرقانچە نامراتلىشىپ كەتسىمۇ، باشقىلاردىن قەرز ئېلىشقا رايى بارمايتتى. قەرز ئې-لىشنى ئائىلىنى ئازاب ـ ئوقۇبەتكە باشلايدىغان مەنبە دەپ قارايتتى. بۇ چاغدا نارا ئۆزىنىڭ بويىدا قالغانلىقىـ-نى بىلدى. مۇشۇ ئەھۋالدا ئۇ پۇلغا نەگە بارسۇن؟

نارانىڭ دادىسى باشقىلارنىڭ نەزىرىدە قول ـ ئىلكىدە بار ئادەم ئىدى. راست بارمۇ ـ يوقمۇ ئۇنى پەرۋەردىگار ئۆزى بىلىدۇ. لېكىن ئۇ ئىنتايىن بەتخەج ئادەم بولۇپ، ئۆزىنىڭ پۇلىنى خەجلەپ بولغانىنىڭ سىرتىدا ئايالىنىڭ پۇلىنىمۇ خەجلەپ تۈگەتكەنىدى. ئايالى ئۆلۈپ كەتكەنـ-دىن كېيىن، ئۇمۇ كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ يىقىلدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا نارا ھەرقانداق قىلىپمۇ پۇل دەپ

دادىسىغا ئېغىز ئاچالمايتتى. ئېغىز ئاچسىمۇ دادىسىدىن پۇل چىقمايدىغانلىقىنى ئۇ ئېنىق بىلەتتى.

دۇنيادىكى ئىشلار كۆپىنچە شۇنداق توغرا كېلىپ قالىدىكەن. ناراغىمۇ شۇنداق بىر پۇرسەت كەلدى. نارا بىر كۈنى كېتىۋېتىپ، دەل ئادۋوكاتلىق ئورنىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئايىغىنىڭ بوغقۇچى يېشىلىپ كەتتى. ئۇ ئېگىشىپ تۇرۇپ ئايىغىنىڭ بوغقۇچىنى ئېتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ نەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، سومكىسىنىڭ قولىدا يوقلۇقىنى بىلدى ـ دە، ئارقىغا بۇرۇلۇپ مېڭىشىغا، ئورۇق، ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھېرموۋ خانىم، مەن سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلالىغانلىقىمدىن بەكمۇ خۇشال، بۇ سومكا سىزنىڭغۇ دەيمەن...، — دېدى.

— سىز ... سىز كىم بولىسىز؟ مېنى قانداق تونۇيسىز؟ — نارا ئۇ ئۇزاتقان سومكىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ سورىدى.

— بۇنى دەپ ئولتۇرۇشتىن خىجىل بولىمەن. پېقىرنىڭ ئىسمى كوللوخىستا، ئېرىڭىز بىلەن ساۋاقداش ئىكەنلىكىمدىن شەرەپ ھېس قىلىمەن.

نارا ئۇنىڭ ھېرموۋنىڭ ساۋاقدىشى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن سەل ئېچىلدى. ئىختىيارسىز ھالدا ھېرموۋنىڭ ھازىر ئېغىر كېسەل ئىكەنلىكىنى، ئۇنى

داۋالىتىشقا پۇل تاپالماي، ئۆزىنىڭ چارىسىز قالغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپتۇ.

— ئىشەنسىڭىز، بۇ ئىشقا مەن ياردەم قىلىمەن، — دېدى كوللوخىستا ئىنتايىن ئەستايىدىل هالدا، ئەگەر ئىشىنەلمىسىڭىز، ماۋۇ ئادۋوكاتلىق ئورنىغا كىرىپ سوراپ بېقىڭ، مەن مۇشۇ يەردە ئىشلەيمەن.

— ئەمما ... بىراق ئېرىم مېنىڭ سىرتتىن قەرز ئالغانلىقىمنى بىلىپ قالسا، ئاچچىقى كېلىدۇ.

— گېپىمنى ئاڭلاڭ خانىم، ناۋادا مېنىڭ ئايالىم بولۇپ، ئۇ مېنىڭ كېسىلىمنى داۋالىتىش ئۈچۈن، مەندىن يوشۇرۇن هالدا سىرتتىن پۇل قەرز ئالغانلىقىنى بىلىپ قالسام، مەن ئۇنىڭغا رەھمەت - تەشەككۇر ئېيتىماقتا يوق، نېمىدەپ ئاچچىقلانغۇدەكمەن؟

— ئۇنداقتا، بۇ ئىشنى بېجىرىش بەك مۇرەككەپمۇ؟

— مۇرەككەپ ئەمەس، مەن سىزگە قەرز بېرىمەن، قايسى ئۇسۇلدا قەرز ئېلىش، ئۇنى قانچىلىك ئۆسۈم بىلەن قايتۇرۇشنى ئىككى تەرەپ پۈتۈشىمىز، سىز هۆججەتكە ئىمزا قويسىڭىزلا بولىدى.

— شۇنداقمۇ، ئەپەندىم، سىز ھەقىقەتەن ماڭا ياردەم قىلامسىز؟

— ئەلۋەتتە ياردەم قىلىمەن خانىم، ئەتە مۇشۇ ۋاقىتتا ئادۋوكاتلىق ئورنىغا كېلىڭ.

* * *

ئەتىسى نارا دەل ۋاقتىدا كەلدى. دەرۋەقە، كوللو-خىستا تەييارلاپ قويغان 1200 يۈەن قەرز پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئىمزا قويدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، كوللوخىستا ناراغا:

— خانىم، بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە ئاياللار قويغان ئىمزانى ئىناۋەتكە ئالمايدۇ. بۇنىڭغا چوقۇم ئېرىڭىز كېپىل بولۇشى كېرەك، — دېدى.

— ياق، قەرز ئالغانلىقىمنى توفا بىلىپ قالسا بولمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ. سىز ئىمزا قويغان بۇ ھۆججەتنى پوچتىدىن دادىڭىزغا ئەۋەتىڭ. ئۇ ئىمزاسىنى قويۇپ كېپىل بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. چېسلانى يېزىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

نارا ھۆججەتنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىپ، بىخەتەر بىر جايىنى تېپىپ تىقىپ قويدى. كېسەللىك تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان ھېرموۋغا قاراپ نارانىڭ ئىچى قوقاسقا ئوخشاش كۆيمەكتە ئىدى. ھۆججەتنى پوچتىدىن دادىسىغا ئەۋەتسە بەش ـ ئالتە كۈندە ئاران تېگىدۇ. ھۆججەت قايتىپ كەلگۈچە توفا ئۆلۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. نارا كىچىك ۋاقتىدا دائىم دادىسىنىڭ ئىمزا-سىنى تەقلىد قىلىپ يېزىپ ئوينايدىغانلىقىنى، بەزىدە

دادىسىمۇ ئۆز ئىمزاسى بىلەن نارا يازغان ئىمزانى پەرق ئېتەلمەي قالىدىغانلىقىنى ئەسلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ ئويلىمىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئېغىر بولىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ چۈشەنمەيتتى، ھۆججەتكە دادىسىنىڭ ئىسمىنى يازدى. پوچتىدىن بىرىپ ـ كېلىش ۋاقتىنى سابلاپ، چېسلانى 2 ـ ئۆكتەبىر قىلدى. ئۇ پۇلنى قولغا شۇرۇشنىڭ كويىدىلا بولۇپ، بۇ چېسلانىڭ ئۆزىگە كۆپ ئاۋارىچىلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، دادىسى 29 ـ سېنتەبىر ئۆلۈپ كەتتى.

نارا توفانىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشنىڭلا غېمىدە بولۇپ كەتكەچكە، قاتمۇقات قىيىنچىلىق ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر كۆزىگە كۆرۈنمىدى. پۇلنى يالغان سۆزلەپ ھەل قىلدى دېيىلگەندىمۇ، ئۇنىڭغا دادىسىنى كوزىر قىلغانىدى. ئۇ پۇلغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئېغىر كېسەل ياتقان ھېرموۋنى ئېلىپ ئىتالىيىگە كەتتى.

ئىتالىيىنىڭ ئىللىق ئاپتىپى، دېڭىز سۈيى ۋە ساھىللىرى، قىسقىسى، بۇ يەرنىڭ رومانتىك سەنئەت ئاتموسفېراسىدا ھېرموۋنىڭ كېسىلى ئۇزۇل ـ كېسىل ياخشىلىنىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئورىۋالغان شۇم تەقدىرنىڭ قارا تۇمانلىرىمۇ تاراپ كەتتى. ئۇلار باللىق بولدى، ھېرموۋنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ئىشلىرىمۇ بارغانچە ئوڭۇشلۇق بولدى.

نارا ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئىختىيارسىز يېنىك نەپەس ئالدى. شۇنداق، ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاندى. لېكىن مەنچۇ؟ ئائىلىدىكىلەردىن يوشۇرۇن ھالدا قەرز تۆلىشىم كېرەك. ئۇ كەشتە ئىشلەش، توقۇش قاتارلىق ئاياللار ئىشىنى قىلىپ، ئازدۇر - كۆپتۇر پۇل تېپىپ، يىغىپ غەملىدى. ھېرموۋنىڭ ئائىلىگە ئىشلىتىش ئۈچۈن بەرگەن پۇلىدىنمۇ ئاز - ئازدىن قىسىپ يىغدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قەرز پۇلىنى بالدۇرراق غەملەپ، قەرز ھۆججىتىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بولۇپ، بۇ ھازىر ئۇنى ئەڭ تەقەززا قىلىۋاتقان ئىش — ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئىدى. ئىلگىرى ئۇ بۇ ئىشنى پەقەت پۇل مەسىلىسى دەپلا چۈشەنگەن، پەقەت بۈگۈنلا ئۇ يالغان ئىمزا ياساشنىڭ ئادەمنى چۆچۈتىدىغان خەۋپلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ئاندىن بىلدى. بۇنى ھېرموۋ بىلىپ قالسا، ئىشلار قانداق بولۇپ كېتەر؟ ئۇ بۇ ئىشنى باشقا تەرەپتىنمۇ ئويلاپ كۆردى: ئۆزى قويغان ئىمزا بىلەن دادىسىنىڭ ئىمزاسى ئىنتايىن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادىسىمۇ ئۆلۈپ كەتتى. بىزنى يۈز-لەشتۈرۈشكە دادامنى نەدىن تاپىدۇ؟

نارا ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇنى يەنە سوغۇق تەر بېسىپ كەتتى. چېسلا! ئۇ چېسلانى 2 - ئۆكتەبىر دەپ يازغانلىقىنى ئەسلىدى. لېكىن دادىسى 29 - سېنتەبىر ئۆلۈپ كەتكەن. ... بارا قورقۇپ، شۈركۈنۈپ

كەتتى. كوللوخىستا مۇشۇ كاۋاكنى تۇتۇۋېلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا نارا ئۆزىنى قاچۇرالمايدۇ. ئۇ كوللوخىستانىڭ ھېرمووۇغا خەت يېزىپ، ھەممە ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىۋېتىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، بەدىنى تىتىرەپ كەتتى. ئۆزى يالغۇز تۇرۇۋېرىشتىن قورقۇپ، ياتاق ئۆيگە قايتىپ كىرگىنىدە، ھېرمووۇ ھۆججەتلىرىنى ئەمدىلا كۆزدىن كۆچۈرۈپ بولغان، كېرىلىپ بەللىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، كارىۋاتقا چىقىپ ئارام ئالماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى.

نارا بۇ كېچىنى قاباھەتلىك چۈش بىلەن ئۆتكۈزدى دېسىمۇ بولىدۇ. ئۇ چۈشىدە كوللوخىستانى كۆردى. ئۇ: يالغان ئىمزا ياسىغان ئايال دوزاختا مەھكۇم دەپ ۋارقىرايتتى. نارا دەھشەتلىك قورقۇنچ ئىچىدە قالغاندا، كوللوخىستانىڭ چىرايى ھېرمووۇغا ئۆزگەردى. ھېرمووۇ غۇلاچلىرىنى كېرىپ، نارادىن باللارنى ئايرىپ تارتىۋالدى ۋە: «يوقال! زەھەرخەندە خوتۇن، مېنىڭ باللىرىمنى زەھەرلىگۈچى بولما! ئۇلارغا سېنىڭ تەربىيەڭنىڭ كېرىكى يوق! دەپ ۋارقىرىدى. نارا تىزلىنىپ تۇرۇپ: «توفا، ئۇنداق قىلماڭ، ماڭا رەھىم قىلىڭ، باللىرىمنى ئېلىپ كەتمەڭ، مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سىز ئۈچۈن قىلغان!» دەپ ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يېلىنىپ يالۋۇردى. توفا بولسا ئۇنىڭ نالە ـ زارىغا پەرۋامۇ قىلماي، باللارنى ئېلىپ كېتىۋەردى، نارا

«توفا!»دەپ ئازابلىق توۋلىدى ۋە ئاۋازى چىقمايۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، جىنىمنىڭ بارىچە يەنە بىر قېتىم: «تو-فا!...»دەپ توۋلىدى.

— ئويغىنىڭ، سۆيۈملۈكۈم نارا، مەن يېنىڭىز-دا، — نارانىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشىدىن ئويغىنىپ كەتكەن ھېرموۋ نارانىمۇ ئويغاتتى.

گاڭگىراپ ئويغانغان نارا جانسىز گەۋدىسىنى ھېر-موۋغا ئاتتى ۋە ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— ئاھ، توفا، قەدىرلىكىم، سىز مېنى تاشلىۋەت-مەيدىغانسىز؟ سىز مېنى مەڭگۈ ئاسرايمەن دېگەنىڭۇ، شۇنداقمۇ — دەپ گۇڭگۇرلىدى.

— شۇنداق، مېنىڭ تۇمۇچۇقۇم، يىغلىماڭ، تۇمۇ-چۇق دېگەن سايرىشى، ھەرگىز يىغلىماسلىقى كېرەك. ھەرقانداق ئىشىڭىز بولسا مەن بار، خاتىرجەم بولۇڭ.

ھېرموۋ قوينىدىكى خوتۇنىنى چەكسىز مېھرىبان-لىق بىلەن بەزلەپ سىلاپ-سىيپىدى. «ھېلىقى ئۆلگۈر كوللوخىستا ئۇنىڭغا قورقاق سالغان ئوخشايدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىمنى ناراغا زەردە قىلمىسام بوپتىكەن» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ خوتۇنىنى داۋاملىق بەزلەشكە تىرىشتى:

— بولدى، يىغلىماڭ، مېنىڭ ھەركۈنىمۇشۇنداق تىرىشچانلىق بىلەن خىزمەت قىلىشىم سىزنىڭ ۋە با-لىلارنىڭ بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈشى، باشقىلارغا بوزەك بولماسلىقى ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ — ئۇ نارانى

بوۋاقلارنى پەپىلىگەندەك پەپىلىدى، بىرپەستىن كېيىن نارا ئۆزىنىڭ قوينىدا تىنچىپ قالدى.

ئەتىسى ھېرمۇۋ سابىق دىرېكتور بىلەن مەسىلە-ھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىشىم بار دەپ ناشتىدىن كې-يىنلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

نارا بېشى ئاغرىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ناشتىلىققا چۈشمىدى. ھېرمۇۋ مېڭىشتىن ئىلگىرى، بالا باققۇچى موماي ئانناغا، نارانىڭ بۈگۈن مىجەزى يوقلۇقىنى، ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئې-لىپ قويۇشنى تاپىلىدى.

ئاننا نارانىڭ ئىنىكئانىسى بولۇپ، ئۇ 17 ياش ۋاق-تىدا بىر توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى ناچار ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرى قىسىلىپراق تۇرۇشقا رازى بولۇشۇپ، بىر ئېغىزلىق ئۆيىنى بىكارلاپ ئىجارىگە بەرمەكچى بولۇشتى. ئۇ كۈنى ئاننانىڭ ھازىرمۇ ئېسىدە، ئۇ فابرىكىدىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇچىد-سىدا گۈللۈك كۆك كەمزۇل بار ئىدى. ئۆيىدە يات بىر ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆي ئىجارىگە ئالغان ئادەم بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. بۇ يات ئادەم بىر ياش ئوقۇغۇچى ئىدى.

ئاننا كۆكسىلىرى تولغان، يۈزلىرى قىپقىزىل بىر قىز ئىدى. مىجەزى ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ، ھېچقانداق

بىر ئىشقا قايغۇرۇپ ئولتۇرمايتتى. ھېلىقى ئوقۇغۇچى يىگىت ئەتىگىنى ئۆيدىن چىقىپ كەتسە، كەچتە بىراقلا كېلەتتى. ئانىمۇ سەھەردە چىقىپ كېتىپ، كەچتە ئىشتىن چۈشەتتى، شۇڭا ئۇلارغا پاراڭلاشقۇدەكمۇ پۇرسەت يوق ئىدى.

ئەتىرگۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلغان بىر كەچقۇرۇن ئىدى. ئوقۇغۇچى يىگىت تاسادىپىي بىر پۇرسەتتە ئانىغا:

— كەچلىك تاماقتىن كېيىن كۆل بويىغا بارسىڭىز، مەن سىزنى شۇ يەردە كۈتىمەن، — دېۋىدى، بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئانىنىڭ يۈرەكلىرى تېپىچەكلەپ، مەڭزلىرى ئالمىدەك قىزىرىپ كەتتى.

ئانىنا كەچلىك تاماقتىن كېيىن چىچىنى قايتىدىن تارىدى. ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىيىملىرىنى كىيدى. ئاندىن ئۆيدىكىلەرگە يالغان ئېيتىپ قويۇپ، كۆلنىڭ بويىغا كەلدى. ئوقۇغۇچى يىگىت بولسا ئاللىبۇرۇن كېلىپ، ئۇنى كۈتۈپ تۇرغانىدى.

ئانىنا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە تۇراتتى. ئۇ يىگىتمۇ بېشىنى كۆتۈرمىدى، ئېغىز يېرىپ سۆزمۇ ئاچمىدى، لېكىن ئۇلار ئاشۇ سۈكۈتتە، بىر ـ بىرىنىڭ يۈرەك سوقۇشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇشاتتى. ئەتىرگۈلنىڭ خۇش پۇراق ھىدى ئۇلارنى مەست قىلماقتا، ئانىنا بولسا يۈزىنىڭ قىزىرىشتىن كۆيۈشۈۋاتقانلىقىنى، كۆكسىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چۈشۈشىنى ئادەتتىن

تاشقىرى بىر خىل تۇيغۇ بىلەن ھېس قىلماقتا، پۈتۈن بەدەنلىرى بوشىشىپ، سېرىقمايدەك ئېرىمەكتە ئىدى.

ئۇلار ئاشۇ ھالىتىدە قاققان قوزۇقتەك تۇرۇۋېرمى- دى. بولىدىغان ئىش ئاخىر بولدى. ئوقۇغۇچى يىگىت بىردىنلا ئاننانى قۇچاقلاپ، يۈزىگە، لەۋلىرىگە سۆيۈشكە باشلىدى....

ئاننانى بەكمۇ ئۆكۈندۈرىدىغىنى، ئۇ يىگىت ئەتى- سىلا كېتىپ قالدى. ئۆيدىكىلەردىن ئاڭلىشىچە، ئۇ كرىستىئانساند شەھىرىدىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتقا ئىم- تىھان بېرىپ كېتىپتۇمىش. ئاننا ھېچكىمگە تىنال- مايدىغان تىل قىسىنچىلىقىغا قالدى. يىگىت ئۇنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تەگكەندى، لېكىن ئۇ بۇ يىگىت- نىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنىمۇ تولۇق سورىۋالمىغانىدى.

بىر ئايدىن كېيىن ئاننا بويىدا قالغانلىقىنى بىل- دى. دەسلىپىدە ئۇ ئائىلىسىدىكىلەردىن، زاۋۇت خوجا- يىنىدىن يوشۇرۇپ باقتى، لېكىن كېيىنچە قورسىقى مانا مەن دەپ يوغىناپ چىققانلىقتىن يوشۇرۇشقا ئىلاجى بولمىدى. زاۋۇت ئۇنى ئىشتىن توختاتتى. دادىسىنىڭ تىل ـ ئاھانىتى، ئاپىسىنىڭ يىغلاپ ـ قاقشىشى، قو- لۇم ـ قوشنىلارنىڭ سۆز ـ چۆچەك قىلىشى ئۇنى بۇ كىچىك شەھەردە تۇرۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بوغچىسىنى يىغىشتۇرۇپ، يىغقان ئازغىنا پۇلىنى يېنىغا سالدى ـ دە، ئوقۇغۇچى يىگىتنى ئىزدەشنى نىيەت قىلىپ كرىستىئانساند

شەھىرىگە يۇرۇپ كەتتى. لېكىن چوڭ شەھەردىكى ئادەم دېڭىزىدىن ئادەتتىكى بىر ئوقۇغۇچىنى قانداقمۇ تاپالىسۇن؟!

ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي نامراتلار دوختۇرخانىسىدا بوشىنىپ، بىر قىز تۇغدى. ئۆي ئىگىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ بالىسىنى باشقىلارغا باققىلى بېرىۋېتىپ، نارانىڭ ئائىلىسىگە كېلىپ، كىچىك ناراغا ئىنىكئانا بولۇپ تۇردى. كېيىن نارانىڭ ئاپىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇ بىر مەزگىل قانداق قىلىشىنى بىلمەي ئازابلىنىپ يۈردى. نارا توي قىلغاندىن كېيىن، ئۇ بۇ چوڭ ئائىلىدە قېلىپ، نارانىڭ دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. نارانىڭ دادىسى بەتخەج، قولى ئوچۇق ئادەم بولۇپ، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندە ئۆيدىكىلەرگە ھېچقانداق مۈلۈك قالدۇرمىغانىدى. نارا ئىتالىيىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاننانى بىللە تۇرۇشقا يېنىغا ئەكېلىۋالدى. ئاننا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھېرموۋلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدى ۋە ناراغا ياردەملىشىپ بالىلارغا قارىدى.

ئاننا ئەمدىلا نارانىڭ يېنىغا چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، نارا ئۇستۇنكى قەۋەتتىن چۈشتى ـ دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ خەت ساندۇقىغا قارىدى. خەت ساندۇقىنىڭ قۇرۇق ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىچى تىت ـ تىت بولغاندەك كەيپىياتتا ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. پەلتوسىنى قولىغا ئېلىپ بىر

يېڭىنى سېپىپ بولۇپ، يەنە سىلىپ تاشلىۋەتتى ۋە بىرپەستىن كېيىن ئۇنى يەنە قولىغا ئالدى.

ئاننا نارانىڭ بۇنداق دىلغۇل كەيپىياتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— نارا، سىزگە نېمە بولدى؟ مۇشۇنداق سوغۇقتا نەگە بارىسىز؟

نارا ئاننانىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ پەلتوسىنى يەنە تاشلاپ قويدى. ئاننا پايپېتەك بولغىنىچە سۆزلەپ كەتتى:

— نارا، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ مەن ئاران دەزمال سىلىپ تەييارلاپ قويغان پەلتونى پۇرلەشتۇرۇۋەتتىڭىز، ئۇ كېيىم سىزگە بەك يارىشىدۇ، ئۇنى رەتلىك قويۇشىڭىز كېرەك.

— مەن بۇ پەلتودىن بەك بىزار، ئۇنى يىرتىپ پارچە ـ پارچە قىلىۋەتسەم دەيمەن! باللار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

— مىلاد ئويۇنچۇقلىرىنى ئويناۋاتىدۇ، ھېلىدىن بېرى ئۇلار ئانامنىڭ يېنىغا چىقىمىز دەپ كۆپ غەلۋە قىلىپ كەتتى. ئۇلار سىز بىلەن بىللە تۇرۇشقا ئىچىكىپ قاپتۇ.

— ماڭا ئىچىكىپ قاپتۇمۇ، بەلكىم كېيىنچە ئۇلار ماڭا ئەگەشمەس بولۇپ قالار، — نارا جىددەك ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — توغرا،

ئاننا، بۇنىڭدىن كېيىن مەن دائىم ئۇلار بىلەن بىللە بولالماسلىقىم مۇمكىن.

— توغرا دەيسىز خانىم، بۇ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. ئۇلار چوڭ بولىدۇ. دائىم ئانىسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالىدىغان ئادىتىنى ئاستا ـ ئاستا تاشلايدۇ.

— شۇنداقمۇ ئاننا، مۇبادا مەن بۇ ئۆيدىن كېتىپ قالساممۇ باللار مېنى ئەسلىمەسمۇ؟

— نېمە دەۋاتىسىز نارا، كېتىمەن؟ نەگە كېتەتتىڭىز؟

— ئاننا، مەن سىزگە ھەيران، سىز بالىڭىزنى باشقىلارغا بېرىۋېتىشكە كۆڭلىڭىز قانداقمۇ قىيغاندۇ؟

— چۈنكى مەن كىچىك نارا خېنىمغا ئىنىكئانا بولۇپ كەلمەكچى ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق قىلمىسام قانداق بولىدۇ؟

— سىزگە مۇشۇنداق غەيرەت نەدىن كەلدى؟

— مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەت كەلسە، مەن نېمە ئۈچۈن غەيرەت قىلمىغۇدەكمەن؟ ئەر كىشىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن مەندەك بىر بىچارە قىز ھەرقانداق ئىشقا بەرداشلىق بېرىشكە مەھكۇم، ئۇ ۋىجدانسىز ئەبلەخ مېنى تاشلىۋېتىپ كارى بولمىدى....

— ئاھ، بىچارە ئاننا، مېنىڭ قولۇمغا كۆپرەك پۇل چۈشكەندە، مەن سىزگە قابىل بىر رازۋېدكىچى ياللاپ بېرىمەن، رازېۋدكىچى ئۇنى چوقۇم تاپىدۇ. لېكىن قىزىڭىز سىزنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولسىچۇ؟

— ياق، نارا، ئۇ مېنى ئۇنتۇمىدى. ئۇ چوقۇندۇرۇش مۇراسىمىدىمۇ *، تويىدىمۇ ماڭا خەت ئەۋەتتى.

ئاننا سۆزلەۋاتقاندا چىرايىدا بىر خىل رازىمەنلىك تەبەسسۇمى جىلۋە قىلدى، نارا ئۇنىڭ مۇرىسىگە بېشىنى قويدى ۋە ئۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن هالدا:

— جېنىم ئاننا، كىچىك ۋاقتىمدا سىز مېنى خۇددى ئۆز ئانامدەك باقتىڭىز، مۇبادا بالىلىرىمىنىڭ ئانىسى يوق بولۇپ قالسا، سىز يەنە چوقۇم.... مەن نېمىلەرنى دەپ كەتتىم! — دېدى ئۇ ئېسەنگىرەپ.

ئاننا نارانىڭ بۇ ئەپتىنى كۆرۈپ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى، تۈنۈگۈن ئىككى قېتىم كەلگەن هېلىقى ئورۇق، ئېگىز ئادەمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. «بۇ يەردە چوقۇم بىر ئىش بار، ئۇنىڭ بىلەن...» ئاننا مۇشۇلارنى ئويلاپ، ناراغا:

— نارا، جېنىم قىزىم، سىز مېنىڭ خوجايىنىم بولغاچقا، سىزنى خانىم دەپ ئاتىساممۇ، كۆڭلۈمدە سىزنى يەنىلا قىزىمدەك كۆرىمەن. سىز مېنىڭ سۈتۈمنى ئېمىپ چوڭ بولغان. شۇڭا هەرقانداق ئىشىڭىز بولسا مەندىن يوشۇرماسلىقىڭىز كېرەك. ئېيتىڭە،

*چوقۇندۇرۇش مۇراسىمى — خىرىستىئان دىنىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، بالا تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا چوقۇندۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن دىنىي ئەقىدىسىنى مۇستەهكەملەش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن، يەنە بىر قېتىم چوقۇندۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ھېلىقى ئورۇق، ئېگىز ئادەم كۆڭۈل تارتىشىڭىزنى چەكتىد-مۇ ـ قانداق؟...

— سىز نېمىلەرنى دەپ كەتتىڭىز ئاننا، توفا مېنى تولىمۇ سۆيىدۇ، مېنىڭ ئۇنىڭدىن بالىلىرىم بار، بۇنداق ئەھۋالنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟!

— ئۇ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاۋارىچىلىك تېرىيدىغان ئادەم، — دېدى ئاننا ئېنىقلا، — ئۇ يەنە كەل-سە مەن ساقچى چاقىرىمەن.

دەل شۇ چاغدا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىۋىدى، نارا قورققىنىدىن ئېسىنى يوقىتىپ قويدى. بۇ چاغدا كەلگەن كىمدۇ؟ ئۇ بولمىغىيتتى يەنە — ھەرنېمە بولسا لىندان خانىم ئىكەندە.

ئىشىكتىن كىرگەن لىندان خانىم پەلتو، شىلەپىسىنى كارىدورغا قويۇپ قويۇۋاتاتتى، ئۇنى كۆر-گەن نارا يېنىك نەپەس ئالدى ۋە:

— سەنمىدىڭ كرىستىنا، مەن تېخى كىمكىن دەپ قاپتىمەن، — دېدى.

— ئورۇنلىشىپ بولۇپلا سىنى كۆرگىلى كېلىمەن دەپ ساڭا ئېيتقانىدىمغۇ.

كرىستىنا بانكىغا يېقىنلا بىر جايدىن بىر ئې-غىزلىق ئۆينى ئىجارىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ يەر خىزمەت-كىمۇ قولايلىق، نارانىڭ ئۆيىگىمۇ يېقىن ئىدى. شۇڭا، كرىستىنا ئىجارىگە ئالغان ئۆيىدىن بەكمۇ رازى ئىدى.

كرىستىنا خېلىدىن بۇيان تۇنۇگۇنكىدەك خاتىرجەم بولۇپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ بىمالال ئارام ئالماقچى بولۇپ كارىۋىتىغا چىقىپ ياتقانىدى، لېكىن ئۇنى ھەر خىل خىياللار چىرمىۋالدى. ئۇ بۇ چوڭ شەھەردە تۇرمۇشىنى قايتىدىن باشلايدىغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال، نارانىڭ ئۇنىڭغا يەتكۈزگەن دوستلۇقىدىن مىننەتدار ئىدى، لېكىن كوللوخىستانىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن، ئۆتكى ئۈچۈپ كەتكەن نارانىڭ كەيپىياتى ئۇنى ئەنسىزچىلىككە سېلىپ قويغانىدى.

ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، كوللوخىستا ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە ئىدى. گەرچە شۇ چاغدا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشكە مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ قىلغىنى ئۈچۈن ئۇ ھازىرغىچە خىجىل ئىدى. ئۇ كوللوخىستانىڭ يالغان ئىمزا ياسىغان يامان ئاتىقىنىمۇ ئاڭلىغانىدى. لېكىن نېمە ئۈچۈنكى، ئۇ ھەرگىزمۇ كوللوخىستانى يامان ئادەم دېگۈسى كەلمەيتتى. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ كۆپ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ھېرمىۋۈلارنىڭ ئائىلىسى بىلەن زادى قانداق مۇناسىۋىتى باردۇ؟ ئۇ نارانى ئوبدان چۈشىنىدۇ. ئۇ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، ھېچ ئىش كۆرمىگەن چوڭراقلا بىر قىز بالا، خالاس. ئۇ يەنە نارانىڭ ئۆزىگە ئادەمنى ھەم خۇشال، ھەم مەمنۇن قىلىدىغان بىر ئىش قىلغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى، كوللوخىستانى كۆرۈپ ئۆزگىرىپ كەتكەن ھېلىقى چىرايىنى

ئويلاشقا باشلىدى. ئۇ يەنە ھېلىقى ئاق چاچلىق ياشانغان دوختۇرنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ نېمىشقا نـاراغـا شۇنچە يېقىنچىلىق قىلىدۇ؟ ئۇ مۇشۇنـداق چـىگـىش خىياللار بىلەن نارانىڭ ئۆيىگە يەنە كەلدى.

— ياخشى كەپسەن دوستۇم، ياردىمىڭگە مـوھـتـاج بولۇپ تۇراتتىم، — نارا ئاناغا چىقىپ بالىلاردىن خەۋەر ئېلىشنى، ئۆزىگە لىندان خانىم ياردەملەشسىلا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كـېـيـىـن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — كرىستىنا، بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرغىنا، قارا، بۈگۈن ئاخشام قەسىردىكى ستېپىنبو-ۋېر كونسۇلنىڭ ئۆيىدە نىقابلىق تانسا كېچىلىكى بول-ماقچى ئىدى. توفا مېنى ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىـدىـكـى بېلىقچى قىزلاردەك ياسىنىپ، ئىتالىيىنىڭ كابلىي ئا-رىلىدا ئۆگىنىۋالغان تېرنتېرا يەرلىك ئۇسسۇلىنى ئوي-ناپ بېرىڭ، دەيدۇ.

— شۇنداقمۇ، ئۇ سىلەرنىڭ ئىتالىيىدە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىڭلارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن شۇنداق دەپتۇ — دە.

— شۇنداق ئوخشايدۇ. قارىغىنا، بۇ كىيىمگە، ئۇنى توفا ماڭا ئىتالىيىدە تىكتۈرۈپ بەرگەن. ئۇنىڭ بۆككەن تىكىشلىرىنى ھازىر سۆكتۇم. ماۋۇ يېرىنى قانداق قى-لىشنى بىلمەي...

— ئۇنى ئوڭشىماق تەس ئەمەس، تورلىغـان بـەزى جايلىرى سۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. ئىلماپ تىكىپ قويساقلا بولىدۇ.

— دېمەك، بۈگۈن مەن يەنە ياسىنالايدىكەنمەن-دە، — نارا سۆزلىگەچ ئۇسسۇل ھەرىكىتىدىن بىرنەچچىنى ئوينىۋەتتى.

— نارا، مەن ھازىر بەكمۇ خۇشال، تۇرمۇشۇمنى قايتىدىن باشلىيالايدىغان بولدۇم، بۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا رەھمەت ئېيتىمەن، — دېدى لىندان خانىم يىغىنە ئىشىنى قىلغاچ.

— كرىستىنا، سەن بۇرۇنراق شەھەرگە كىرىشىڭ كېرەك ئىدى. توفانىڭ يولى بار. ئۇ چوقۇم سېنىڭ تۇرمۇشۇڭنى جاي - جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

— مېنىڭچە، سېنىڭمۇ ئېيىڭ بار ئىكەن. بولمىسا داداڭغا ئوخشىماي قالاتتىڭ. داداڭ پۇلنىمۇ تاپالايدىغان ھەم ئۇنى خەجلىيەلەيدىغان ئادەم ئىدى. سەنمۇ بەئەينى شۇ داداڭغا ئوخشاپسەن، ئۇنداق بولمىسا سەن يەرلىك ئۇسسۇللارنى نەدىن ئۆگىنەلەيتتىڭ؟ ئېيتىپ باقە، ھېرمۇۋ ئىككىڭلار ئىتالىيىگە بېرىپ داۋالىنىشقا قانچىلىك پۇل خەجلىدىڭلار؟

— تەخمىنەن 1200 يۈەنچە پۇل خەجلىگەندىمىز.

— نېمە؟ 1200 يۈەن! نارا، سىلەر بۇنچە كۆپ پۇلنى نەدىن تاپتىڭلار؟ داداڭ بەردىمۇ - يا؟

— بۇ مېنىڭ مەخپىيەتلىكىم، ئۇنى ساڭا ئېيتالمايمەن، — نارا بۇ ھەقتە سۆزلىشىشنى خالىمايتتى. شۇڭا ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئارىلاپ مۈڭگۈلۈق

ناخشىلارغا غىڭشىپ قوياتتى. لىندان خانىم قولىدىكى كىيىملەرنى بىردەم تىكىشتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى يېنىغا قويۇپ قويدى، ئاندىن ناراغا قاراپ:

— نارا، بىردەم تىنچلانغىنىڭ، مەن سەندىن بىر ئىشنى سورىماقچى، ھېلىقى رانكې دوختۇر سىلەرنىڭ ئۆيگە دائىم كېلىپ تۇرامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، دائىم كېلىدۇ، سەن ئەجەب بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ؟ — نارا پەرۋاسىزلا رانكې دوختۇر توغرۇلۇق قىزىقسىنىپ سۆزلەپ كەتتى، — ئۇ بىزنىڭ ئۆينىڭ دائىملىق مېھمىنى، كەلمەيدىغان كۈنى يوق، ئۇ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا تورۋالدنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئىكەن، ھازىر مېنىڭمۇ ياخشى دوستۇم بولۇپ قالدى. رانكې دوختۇر بىلەن بىزنى بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرى دېيىشىمۇ بولىدۇ.

— قارىماققا، ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەستەك قىلامدۇ - نېمە؟

— شۇنداق، توغرا ئېيتتىڭ، بىلسەڭ، ئۇ بەك بىچارە. ئۇنىڭ يۇلۇن سىفلىسى دېيىدىغان كېسىلى بار ئىكەن. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ دادىسى يەپ - ئىچىپ، پاھىشىخانا، قىمارخانىلاردا ئەيش - ئىشرەت بىلەن يۈرىدىغان ئادەم بولۇپ، ئۆزىگە مەينەت كېسەل يۇقتۇرۇۋالغانىكەن. مۇشۇ ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئايالى ھامىلىدار بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇ كېسىلى تۆرەلمىگە ئۆتۈپ، تۇغۇلغان رانكې مۇشۇنداق تۇغما كېسەل

بولۇپ قاپتۇ. ئۇنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىكەن. نەچچە كۆڭلۈكى قالغاندەكلا قىلىدۇ، — دېدى نارا ئۇدۇللا سۆزلەپ.

كرىستىنا ئۇنىڭ گېپىنى شۇنچىلىك ئەستايىدىل ئاڭلىدىكى، قىلىۋاتقان يىڭنە ئىشىدىن توختاپ، قولىدىكى كىيىملەر تىزىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ گېپى تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇ نارادىن:

— قەدىرلىكىم نارا، بۇ ئىشلارنى سەن نەدىن بىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۈچ بالا تۇغقان بىر ئايال، تېببىي ئىشلاردىنمۇ ئانچە-مۇنچە خەۋىرى بولۇپ قالىدىكەن، قالغان ئىشلارنى ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان ئادەتتىكى سۆھبەتلەردىن بىلدىمدە.

لىندان خانىم ئۈن-تىنسىز هالدا قولىدىكى تىكىش ئىشىنى يەنە بىردەم قىلدى. ئاندىن ئۇ يەنە نارادىن:

— ئۇ كېسەل سىلەرگە يۇقۇپ قالماس-هە؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، يۇقمايدۇ. لېكىن توي قىلسا بالىسىغا يۇقىدىكەن. شۇڭا ئۇ هازىرغىچە تەنها ئۆتۈۋاتىدۇ.

— ئۇ پۇلدارمۇ؟

— شۇنداقتۇ، بەلكىم پۇلى ناهايىتى كۆپتۇ، بەلكىم ئازدۇ. نېمىلا بولمىسۇن، تۇرمۇشتا ئۇنىڭغا تايىنىدىغان يۇك يوق. ئۇنى ئويلىسام، مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئىچىم

ئاغرىيدۇ. رانكې ناچار ئادەم ئەمەس، تەنها، جىمغۇر بىرەرسىنى تېپىپ پاراڭلىشىشنى خالايدۇ....مەن ئۆزىنىڭ ئېغىر كېسەل ئىكەنلىكىنى، قانچىلىك ئۆمرى قالغانلىقىنى بىلىدىغان بىر ئادەمگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ، ئۆيگە كىرگۈزمىسەم بولمايدۇ ـ دە، توفا ئاغرىپ قالغان مەزگىللەردە، ئۇ توفا ئۈچۈن ئامېرىكىدىن ئىمپورت قىلىنغان بىرمۇنچە دورىلارنى ئۆز پۇلىغا سېتىۋالدى. شۇڭا توفا ئۇنىڭدىن تولىمۇ مىننەتدار. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئامراق. ئۇ تولىمۇ ئەقىللىق ئادەم.

— نارا، سەن نېمە دېسەڭ دەۋەرگىن، مەن ئۇنى سېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىمىكىن، دەپ گۇمان قىلىمەن.

— كرىستىنا، سەن نېمىلەرنى دەپ كەتتىڭ. ئۇيلاپ باقە، توفا مېنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ماڭا، سىزنى ھېچكىمگە تۇتقۇزمايمەن دەپ ۋەدە بەرگەن. بىز يېڭى توي قىلغان چاغلاردا، مەن ئىلگىرىكى ئوغۇل دوستلىرىم ئۈستىدىن سۆز ئاچسام، ئۇنىڭ شۇئان كۆندەشلىكى تۇتاتتى. لېكىن رانكې دوختۇر ئۇنداق ئادەم ئەمەس، مەن ئىلگىرىكى ئىشلىرىمنى سۆزلەپ بەرسەم، ئۇ خۇشال ـ خۇرام ئولتۇرۇپ ئاڭلايدۇ. شۇڭا، بىز ئۇنىڭ بىلەن ھەرقاچان بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشالايمىز.

— نارا، مېنى ئەجەب گۇمانخوركەن، دەپ ئويلاپ قالما، شۇنى بىلگۈم بار، دەپ باقە، سەن ئېرىڭنى ئەتالىيىگە داۋالاتقىلى ئاپارغاندا زادى نەچچە پۇل خەجلىدىڭلار؟

— مەن ساڭا ئېيتتىمغۇ، 1200 يۈەنچە پۇل خەجلىگەندىمىز.ساڭا ئۇ پۇللارنى داداڭ بەردىمۇ؟

— ياق، لېكىن مەن توفاغا ئۇ پۇلنى دادام بەردى دېدىم.

— ئۇنداقتا، ئۇ پۇلنى ساڭا رانكې دوختۇر قەرز بېرىپ تۇرۇپتۇدە؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس كرىستىنا، بۇ ئىشتا مېنى قىستىمىغىنا، كۆڭلۈم ئىزتىراپ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

— ھە، ئەمدى بىلدىم. سەن ئۇ پۇللارنى باشقا بىرىدىن قەرز ئالغان، لېكىن تا ھازىرغىچە ئېرىڭدىن يوشۇرۇۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، دېگىنىڭ راست، لېكىن مەن بۇ قىلغىنىمدىن ئۆكۈنمەيمەن. مەن مۇشۇ ئامال بىلەن توفانى قۇتقۇزدۇم، ئائىلەمنى قۇتقۇزدۇم. مەندە يەنە نېمە خاتالىق بولسۇن؟ — نارا ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — كېرەك يوق، ئامالىنى قىلىمەن. قەرزنى تۆلەپ بولسام، قەرز ھۆججىتىنى قايتۇرۇۋالىمەن.

— نېمە؟ قەرز ھۆججىتى؟ سەن كىمنىڭ قەرز ھۆججىتىگە ئىمزا قويدۇڭ؟ نارا، ماڭا دېگىنە؟

لىندان خانىم جىددىي تەلەپپۇزدا سورىغان بولسىمۇ، نارا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك، يەنىلا ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى: «قېنى شۇ چاغ كەلسۇن، ئادەمنى يەرگە قارىتىدىغان ئاشۇ نەرسىنى — ئۇ پاسكىنا قەغەزنى يىر-تىپ، پارچە ـ پارچە قىلىپ ئوتقا تاشلىۋېتىمەن.» بۇ چاغدا نارانىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتى ئۇچقۇنداپ كەت-تى.

— نارا، تۇنۇگۇن مەن كەتكەندىن كېيىن، ئۆيۈڭ-لاردا بىرەر ئىش يۈز بەردىمۇ دەيمەن؟ دېگىنە، تېز ماڭا ئېيتقىنا.

نارا لىندان خانىمنىڭ ئۇ ئىشلارنى ئاڭلاشقا شۇنچە تەقەززا بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، چىرايىغا بىر خىل ئاچچىق كۈلكە تېپىپ چىقتى:

— كرىستىنا، — ئۇ ئەمدىلا ئېغىز ئېچىۋىدى، سىرتتىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. نارا بۇ تىۋىشنى زەن قويۇپ تىڭشاپ، ئاندىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بولدى كرىستىنا، توفا كېلىپ قالدى. سەن كىيىمنى يىغىش-تۇرۇپ، ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتكىن. ئاننا ساڭا ياردەملىشىپ، ئۇنى تىكىشىپ بەرسۇن، — دېدى.

لىندان خانىم كىيىملەرنى يىغىشتۇرۇپ كۆتۈرۈپ، ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى.

توفا خىزمەت سومكىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرغى-نىچە كىرىپ كەلدى، نارا يۈگۈرگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى:

— توفا، قاراڭە، مەن خېلى ياخشى بولۇپ كەتكەن-دەك تۇرىمەن.

— ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتكەن ئايال تىك-كۇچىمۇ؟

— ياق. ئۇ كرىستىنا، ئۇ مېنىڭ نىقابلىق تانسا كېچىلىكىدە كىيىدىغان كىيىمىمنى تەييارلاشقا ياردەملىشىۋاتىدۇ. شۇ چاغدا قاراپ تۇرۇڭ- ھە، مەن ياسانسام ھەممىدىن چىرايلىق بولۇپ كېتىمەن، — نارا سۆزلىگەچ ھېرمۇۋنىڭ پەلتوسىنى سېلىشقا ياردەملەش-تى ۋە پەلتو بىلەن شلەپىسىنى كىيىم ئاسقۇچقا ئې-لىپ قويدى.

— مەن سىزگە كۆرسەتكەن ئەقىل جايىدا بوپتۇ؟

— ھەئە، ئىنتايىن ياخشى بوپتۇ. لېكىن سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە يەرلىك ئۇسسۇل ئوينىسام، سىز ئۇچۇن ياخشى بولارمۇ؟

ھېرمۇۋ نارانىڭ شوخ كەيپىياتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ ئەركىلىتىپ قويدى ۋە:

— شۇنداقمۇ گەپ بولامدۇ؟ سىز كىچىككىنە كال-لىڭىزدا نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز؟ بولدى، قويۇڭ، ئۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى. مېنىڭ قىلىدىغان ئىشىم بار، قاراڭە، مۇشۇ ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىقىشىم كېرەك، — دېدى- دە، بۇرۇلۇپ كىتابخانىسىغا قاراپ ماڭدى.

— توفا، توختاڭە! — چاقىردى ئۇ يەنە.

— ھە، نېمە ئىش؟ — ھېرموۋ ئىختىيارسىز توخ-تاپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

— مۇشۇ تاپتا تۇمۇچۇقىڭىز سىزدىن كىچىككىنە بىر ئىشنى ئىلتىجا قىلسا...

— نېمە ئىش ئۇ؟ نارا، تۇنۇگۇن چۈشتىن كېيىن شۇ گەپنى دېگىلى تۇرغانىدىڭىز، بۇگۇنمۇ شۇنى دەي-سىز، ماڭا دەيدىغان يوشۇرۇن سىرىڭىز بارمۇ-نېمە؟

— دېسەم ئۇنىمامسىز-ئۇنىمامسىز؟

— نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى باشتا بىلىپ باقاي.

— ئەگەر قوشۇلسىڭىز، تۇمۇچۇقىڭىز كۆز ئالدى-ڭىزدىلا ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى كۆرسىتىپ ئويۇن قويۇپ بېرىدۇ.

— بولىدۇ، قوشۇلاي، نېمە ئىش، تېز ئېيتىڭە.

— ئەگەر سىز قوشۇلسىڭىزلا تۇمۇچۇقىڭىز ۋە-چىرلاپ سايراپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە سىزگە ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ. ئەگەر سىز قوشۇلسىڭىز، مەن ھازىرلا پەرىزانتقا ئايلىنىپ ئاي يورۇقىدا سىزگە ئۇسسۇل ئويناپ بېرىمەن....

— بولدى قويۇڭ نارا، كىچىك بالىنىڭ قىلىقىنى قىلماڭ، كېيىڭىزگە ئۇناي، لېكىن ئەڭ ياخشىسى ھېلىقى ئىشنى تىلغا ئالماڭ.

— توغا، بۇنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن، كېيىمنى ئاڭلاڭ توغا. سىز ھېلىقى كوللوخىستانى چوقۇم بانكىدا ئىشلەشكە ئېلىپ قېلىشىڭىز كېرەك. ...

— نارا! — ھېرموۋ ئەمدى ئۆزىنى تۇتالماي ۋارقىرىۋەتتى، — مەن سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، مەن لىندان خانىمغا ماقۇل بولغان خىزمەت ئورنى — كوللوخىستانىڭ ئورنى شۇ.

— بۇنى بىلىمەن توفا، مەن بۇنىڭغا، كرىستىنا ئۈچۈن سىزگە كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. لېكىن سىز كوللوخىستانى ئېلىپ قېلىپ، كرىستىنانى باشقا بىر ئادەمنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرالامسىز؟

— پەقەت چۈشەنمىدىم، سىز نېمىشقا ئۇنداق پەس ئادەمگە ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا شۇنچە كەتمەن چاپىسىز؟

— توفا، مەن سىزنى سۆيىمەن، بۇ ئىشتا باشقىچە ئويلاپ قالماڭ. مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم پۈتۈنلەي ئۆزىمىز ئۈچۈن، سىز ئۇنى پىتنە-ئىغۋا تارقىتىشقا ئۇستا، بىرنەچچە گېزىت ئورۇنلىرىدا مۇخبىر بولغان دەپ ئېيتقانىدىڭىز. ئۇنى خىزمەتتىن بوشىتىۋەتسىڭىز، ئۇ سىزدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، ئارقىڭىزدىن يامان گەپ تارقىتىۋېتەمدىكىن، دەپ قورقۇۋاتىمەن.

ھېرموۋ نارانىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ خاتا ئويلاردا بولغانلىقىنى ھېس قىلدىمۇ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن ناراغا قاراپ:

— نارا، سىز مېنىڭ غېمىمنى يەپ، بۇنچە ئەتراپلىق ئويلاپ، بەك ئاۋارە بوپسىز. مەنمۇ سىزگە خاتا

كايىپتىمەن، ئاخشام سىز مۇشۇنداق ئويلاردا بولۇپ، قا-
باھەتلىك چۈش كۆرۈپتىكەنسىزدە، — دېدى.

— توفا، قەدىرلىكىم، مەن مۇشۇ ئىشلارنى ئويلى-
سامىلا كۆڭلۈم پەرىشان بولىدۇ. ناۋادا ئۇ ئۇنمۇۋېرىستېتتا
ئوقۇغان ۋاقتىڭلاردىكى ئىشلارنى خالىغانچە بۇرمىلاپ
توقۇپ تارقىتىۋەتسە...

— نارا، بۇنىڭدىن قورقماڭ، مەن ئۇنىڭغا ئوخشى-
مايمەن، ئۇ ھەممە ئادەم بىلىدىغان پەزىلەتسىز، رەزىل
ئادەم، ئەكسىچە، مەن بولسام، ھېچقانداق كەمچىلىكىم
يوق ھەم ئەبەدىي مۇشۇنداق ئۆتۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، قەدىرلىكىم، لېكىن
يامان ئادەملەرنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. ئۇنى تو-
سۇپمۇ توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. بالىلىرىمىز، ئىناق
ئائىلىمىز، خۇشال - خۇرام تۇرمۇشىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ،
ئۇنداق سولتەكلەر بىلەن قارشىلاشمىساق...

— بولدى سۆزلىمەڭ، — ھېرمۇۋ نارانىڭ سۆزىنى
بۆلۈۋېتىپ، ئۆي ئىچىدە قەدەملىرىنى چوڭ - چوڭ ئې-
لىپ ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. بىرپەستىن
كېيىن ئۇ يەنە نارانىڭ ئالدىغا كېلىپ، بۇ ئىشقا ناھا-
يىتى جىددىي ۋە ئاقىلانە مۇئامىلە قىلغاندەك سۆزلى-
دى، — سىز ئۇنىڭغا ھەمدەمدە بولۇپ، ئۇنىڭ گېپىنى
قىلىۋاتقان مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇنى ئېلىپ قالسام تې-
خىمۇ بولمايدۇ. مېنىڭ كوللوخىستانى خىزمەتتىن

بوشىتىۋېتىدىغانلىقىم توغرىسىدىكى بۇ ئىش بانكىغا تارىلىپ كەتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنى يەنە ئىلىپ قالسام، ئۇلار نىمە دەيدۇ؟ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن دىرېكتور خوتۇنىدىن قورقىدىكەن، خوتۇنى بۇرنىدىن تۇتۇپ يېتىلىگەن يەرگە ماڭىدىكەن دېمەمدۇ؟...

ھېرمۇۋ سۆزلىمەكتە، نارا بولسا داڭقېتىپ قالغان ھالەتتە ئاڭلىماقتا ئىدى. ئۇ بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ بولغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئويلاپ تاپقان گەپلىرى كار قىلماقتا يوق، ئەكسىچە ئۇنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ ئەمدى بۇ ئىش ئۈستىدە كۆچمەسلىك، بېشىغا كەلگەننى كۆرۈش ئويىغا كەلدى. ئۇنىڭ بايىقى تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان چىرايىدىن ھازىر ئەسەرمۇ قالمىغان، چىرايى بۇلۇتتەك تۇتۇلغانىدى. كۆڭۈل ئاسمىنىدا بولسا «تۈگەشتىم، ھەممە ئىش تۈگىدى!» دېگەن نىدالار ياڭرىماقتا ئىدى. ئۇ ئىنتايىن مەيۈس ھالدا بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ كىتابخانىدىن چىقىپ كەتتى.

مۇشۇ ئەھۋالدا ھېرمۇۋدا بىر خىل مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى قوزغالدىمۇ، ئۇ نارانى چاقىردى ئاندىن ئۇنىڭغا:

— نارا، مەن سىزنى بۇ ئەندىشىدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن بۇ ئىشنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىۋېتەي، — دېدى ـ دە، بوسۇغىغا كېلىپ «ئاللان!» دەپ چاقىردى، ئاللان شۇئانلا كىرىپ:

— ئەپەندىم، قانداق تاپشۇرۇقلىرى بار؟ — دەپ سورىدى.

ھېرموۋ ماتېرىيال قىسقۇچنىڭ ئىچىدىكى ۋاراقلارنى بىردەم ئۆيان-بۇيان ئۆرۈپ، بىر ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ ئالدى-دە، ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر يېزىپ لىپاپىغا سالدى. ئاندىن ئاللانغا:

— ئاللان، سەن دەرھال ماۋۇ ئادرېس بويىچە بۇ خەتنى يەتكۈزۈۋەت، — دېدى.

— بولىدۇ ئەپەندىم.

ئاللان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن نارا ئېھتىيات بىلەن سورىدى:

— توفا، ئۇ نېمە خەت؟

— كوللوخىستاغا يازغان ئۇقتۇرۇش، ئۇنىڭغا خىزمەتتىن رەسمىي بوشىتىلغانلىقىنى ئېيتتىم.

— توفا، ئۇ خەتنى قايتۇرۇۋالغىلى زادى بولمامدۇ؟

—شۇنداق، ئەمدى ئۆلگۈرەلمەيمىز.... مەن بىر دىرېكتور تۇرۇپ، نېمىشقا ئاشۇنداق بىر رەزىل سولتەكنىڭ ئائىلەمدىكىلەرگە دەخلى-تەرۇز قىلىشىغا يول قويغۇدەكمەن؟ يەنە نېمىشقا پىتنە-ئىغۋا توقۇپ يۈرىدىغان ئۇنداق ئەبلەخنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورققۇدەكمەن؟ قورسىقىڭنىڭ ئاغرىقى بولمىسا، تاۋۇز يېيىشتىن قورقما دەپتىكەن، — ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا نارانى قۇچاقلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ ئىشتا

سىزنىڭ مېنى ئويلاۋاتقىنىڭىزنى بىلىمەن. سىز مـ
سۆيىسىز. سۆيۈملۈكۈم نارا، شۇڭا بۇ ئىشنى مۇشۇ
كەسكىن بىر تەرەپ قىلىشىڭىز ئۆرۈك! قورقۇشنـ
قىلچە ھاجىتى يوق. ۋاقتى كەلگەندە كۆكرەك كېر
چىققۇدەك قۇدرەت مەندە بار. سىز قاراپ تۇرۇڭ،
بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمەن.

— شۇنداق، سىز چىقالايسىز، بۇ سەل قارايدىغـ
ئىش ئەمەس، ئەسلىدە بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن مـ
چىقسام بولاتتى....

— ناھايىتى ياخشى، نارا، بۇ ئىشقا ئىككىمـ
بىللە تاقابىل تۇرايلى، — ھېرموۋ نارانىڭ پېشانىسـ
سۆيۈپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى، — ئەمدىغۇ قانائەت ھـ
سىل قىلغانسىز؟ ھەي، ھەي، ئەندىكىپ كەتكەن با
كىمدەك قورقۇپ، ئۆزىڭىزچە بولمىغۇر خىيالـ
بولمىسىڭىز قانداق؟ بۇ ئىشتىن ھېچقانداق چاتـ
چىقمايدۇ. پەرىشتەم، ئەمدى چىقىپ ئۇسسۇل مەشـ
قىلىڭ. ئىشىكنى يېپىپ قويسام، ماڭا ھېچقانداق ئـ
ئاڭلانمايدۇ، سىز قانداق ئوينىغۇڭىز كەلسە شۇنـ
ئويناۋېرىڭ.

تۇيۇقسىز ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى، نـ
قورقۇپ كەتتى، ھېرموۋ ناراغا قاراپ:

— ئۇ رانكىي دوختۇر بولسا، كىتابخانامغا كىـ
سۇن، — دېيەلا ئالدى ـ كەينىگە قارىماي كىتابخانىسـ
كىرىپ كەتتى ۋە ئىشىكنى كۇچەپ يېپىۋەتتى.

نارا مۆشۈ تاپتا قورققىنىدىن بېشى گاڭگىراپ
غاندى. خۇددى يەر ئاستىدىن سادا چىققاندەك، ئۇ ھە
، ئۆز ـ ئۆزىگە غۇدۇرايتتى: «ئۇ قىلىدۇ. راستتىنلا
نداق قىلىدۇ. بۇ ئىشتا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي،
ىننى قىلىدۇ. ھەي، شۇنچە قىلسامۇ ئامالى بول-
دى. تاپقان چارىلىرىم كارغا كەلمىدى. ئەمدى پەقەت
مايدۇ! ياق، ھەممە ئىشلىرىم جاي ـ جايىدا بولغان،
ەت ئاشۇ ئىشىملا بولمايۋاتىدۇ. پەرۋەردىگار، ئۆز
ھىڭدا ساقلىغايسەن. بۇ پاراكەندىچىلىكتىن قۇتۇ-
ىنىڭ يولىنى چوقۇم تاپىمسام بولمايدۇ!
ئىشىك قوڭغۇرىقى يەنە جىرىڭلىدى. نارا قوڭغۇراقنىڭ
رىدىنلا ئۇنىڭ رانكې دوختۇر ئىكەنلىكىنى بىلدى.
غرا، ئۇ رانكې دوختۇر!» نارانىڭ چىرايىدا غەيرىي
خىل تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. ئۇ قوللىرى بىلەن
ـ كۆزىنى سۇرتۇۋېتىپ، سەل ئېسىگە كېلىۋالدى.
ىن بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. رانكې دوختۇر زالدا
ۇم پەلتوسىنى ئىلغۇچقا ئىلىۋاتاتتى.

* * *

كوللوخىستا سوغۇق كۇلۇمسىرىگىنىچە گېزىتخا-
ىڭ دەرۋازىسىدىن چىقتى. ئۇ يانچۇقىدىن بىر تۇتام
ى چىقىرىپ، قولىغا ئېلىپ شاراقشىتتى ۋە ئۇنىڭ
ىنى ئاڭلاپ، ئۇنى يەنە يانچۇقىغا سېلىپ قويدى ـ دە،

چاپىنىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ، شىلەپىسىنىڭ گىر-ۋىكىنى بېسىپ قويدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسىغا قاراپ ماڭدى.

كوللوخىستا يىراقتىن تۇرالغۇسى ئالدىدا بىر ئايالنىڭ تۆت تەرەپكە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئايالمۇ ئۇنى كۆردى بولغاي، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سىز كوللوخىستا ئەپەندى بولامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، مەن كوللوخىستا، بىرەر ئىشىڭىز بارمىتى؟

— مەن ھېرموۋ ئەپەندىنىڭ ئائىلىسىدىكى خىز-مەتكار، ئىسمىم ئاللان....

— ئۆزىڭىزنى تونۇشتۇرمىسىڭىز بولىدۇ، بىز كۆ-رۈشكەن.

— كەچۈرۈڭ ئەپەندى، بۇ ھېرموۋ ئەپەندىنىڭ سىزگە ئەۋەتكەن خېتى. ئۇ ماڭا بۇنى ئۆز قولىغا بەر دېگەندى.

كوللوخىستا ئۇ بەرگەن نېپىز كونۋېرتنى قولىغا ئېلىپ دەڭسەپ كۆردى. ئاندىن يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر ۋاراقنى ئاللانغا بەردى، ئاللان تارتىنىپ تۇرۇپ پۇلنى ئالدى-دە، رەھمەت ئېيتىپ كېتىپ قالدى.

كوللوخىستا كونۇپىرتنى سىقىمدىغىنىچە ئۆيىگە كىردى، چاپىنىنى سىلىپ ساپانىڭ ئۈستىگە تاشلىدى ـ دە، قايچىنى تېپىپ كونۇپىرتنىڭ ئاغزىنى ئېھتىيات بىلەن ئېچىپ، خەتنى ئالدى. ئۇ بانكىنىڭ ئىش قەغىزى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ شۇ كۈندىن باشلاپ خىزمەتتىن توختىتىلغانلىقى يېزىلغان، تەستىقلاپ ئىمزا قويغۇچى ھېرموۋ ئىدى. لېكىن پوچېركىسىدىن ئۇنىڭ يەنىلا ئىلگىرىكى چۈۋالچاق ئادەم ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ خەتنى ئوقۇپ قايتۇرغان بىرىنچى ئىنكاسى: «ھۇ ئۆلگۈر تايلاق! ئۇ راستتىنلا قول ساپتۇ ـ دە، ئاشۇ ئادەم بوزەك قىلغىلى تۇرسا ـ ھە!» دېيىش بولدى.

كوللوخىستا قوتۇرىغان جانىۋارلاردەك، ئۆينىڭ ئىچىدە توختىماي ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ قېتىم ئۇ ئۇزۇل ـ كېسىل ئىشسىز قالدى. گەرچە ئۇ زېرىكمىشلىك توقۇلما خەۋەرلەرنى يېزىپ، گېزىتخانىدىن ئاز ـ تولا قەلەم ھەققى ئېلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ ئازغىنا پۇل بىلەن نېمە ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولىدۇ؟! ئۇ قىزىنى ياتاقلىق مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭغا ھەر يىلى ئوقۇش پۇل تاپشۇرۇشى كېرەك. تۇرمۇشتىكى زۆرۈر خىراجەتلەرچۇ، ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىشسىز ئادەم بۇنچە

كۆپ چىقىملارنىڭ ھۆددىسىدىن قانداق چىقالايدۇ؟!

كوللوخىستا ئايالىنى ئويلىدى. قېيناتىسىنى ئويىلىدى. ئۇ قېرى ئەبلەخ كوللوخىستانىڭ يالغان ئىمزا ياسىغان قىلمىشىنى سىرتقا يايماي، ئۇنىڭ نامىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن، قىزىنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىنى راستتىنلا بىكار قىلىۋەتكەندى. ئۆلۈم گىرداـ بىدا ياتقان قىزى بۇ توختامغا قول قويىۋۋاتقاندىمۇ، ئۇ قېرى مىتمۇ قىلىپ قويمىدى!

لېكىن ئۇ بۇلارنى كىمدىن كۆردۇ؟ كىم ئۇنى پۇللۇق ئادەمنىڭ بالىسى بولمىسۇن دەپتۇ؟ ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغدىمۇ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ ئۆزىنى ئۆزى قامدىغان، كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولغان. نەشرىياتلارغا خەت كۆچۈرۈپ بەرگەن. لېكىن ھېرمىۋۋ دېگەن بۇ يۇملاق باش تەخسىكەش بولسا، تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىنىڭ خوجايىنى بولغان دادىسىغا تايىنىپ، كۈنىنى ئۇنىڭدىن ياخشى ئۆتكۈزدى. بىر مېشچان ئۆزىنىڭ پەرمانبەردارلىقى بىلەن بۈگۈنكى كۈندە يۇقىرى قاتلام جەمئىيەتكە كىرگەن ھېسابتا بولدى. ئۇنىڭ تۇرالغۇ ئۆيىگە، ئىستېمالىغا قارىمامدىغان! ئۇنىڭ ئىچىنى تېخىمۇ ئېچىشتۇرغىنى، ئاشۇ كۆرۈمسىز توفا شۇنداق چىرايلىق خوتۇننى ئېلىۋالدى. نارا ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئايال.

كوللوخىستا ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئايالى ئۈچۈن، ئالىيجاناب بىر ئەخمەقلىقنى قىلغانىدى. ئەمدى نارامۇ ئۆزىنىڭ ئېرى ئۈچۈن خۇددى شۇنداق بىر ئەخمەقلىق قىلدى. كوللوخىستا ناراغا ھېسداشلىق قىلاتتى. شۇڭا ئۇ نەچچە يىللاردىن بۇيان بۇ ئىشنى تىنىمغان، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پۇل مۇئامىلە ھەققىدە ھېچكىمگە ئېغىز ئاچمىغانىدى. پەقەت ئۆزىنىڭ خىزمەتتىن بوشىتىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا، ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەن بىرىنچى ئىش مۇشۇ پۇل مۇئامىلىسىنى ئوتتۇرىغا قىستۇرۇش بولدى. ئۇ — ھېرمووۋ نارانىڭ ئىلتىماسى بىلەن قارارىنى ئۆزگەرتسە، بانكىدا ئىشلەۋېرىش ئىمكانىيىتى بولۇپ قالار دەپ ئويلىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئارقا – ئارقىدىن نارانى قىستاپ، ئۇ ئارقىلىق ئۆزى كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتمەكچى بولغانىدى. لېكىن بۇ ئۆلگۈر نارامۇ ئېرى بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، ئۇنى ئوڭدا قويىدى ۋە خىزمەت ئورنىنى ھېلىقى لىندان خانىمغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قىستىدى. ئۆز ئورنىنى باشقا بىرى تارتىۋالغان بولسىمۇ خەيرىيەت، يەنە شۇ لىندان خانىم، ئۇ قانداقمۇ خانىم بولسۇن لىندانىنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى شۇ، خالاس! ئۇ ئايال قانداقلارچە ھېرمووۋلارنىڭ ئۆيىدە پەيدا بولۇپ قالدۇ؟ كوللوخىستا ئۇنى ھېرمووۋلارنىڭ ئۆيىدە كۆرۈپلا كۆڭلىگە گۇمان چۈشكەنىدى. ئۇ ئايال

كوللوخىستانىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن شۇملۇق مەبۇ-
دىسىدەك ئۇنىڭغا ئۈزلۈكسىز تۆردە پالاكەت ئېلىپ
كېلىۋاتاتتى.

ئايالى بولىدىكەن، ھەممىسى ئۆجمە كۆڭۈل بولىدۇ.
ھازىرلا سەن بىلەن بىللە بولۇپ، ئايرىلماسلىقتا دوست
بولسا، ئۈرۈلۈپلا، پۇلى بار بىرىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ
كارىۋىتىغا چىقىدۇ! «كرىستىنا، ھەي كرىستىنا، سې-
نىڭ مەندىن يۈز ئۆرۈشۈڭمۇ ئاشۇ پۇل ئۈچۈن ئەمەس-
مىتى؟ شۇ چاغدا سەن ماڭا تەگكەن بولساڭ، مەن پۇل
تاپالماسمىتىم؟ مەنمۇ تاپالاتتىم! شۇ چاغدا سەن ماڭا
تەگكەن بولساڭ، يالغان ئىمزا ياساشتەك ئىشلارنى
قىلماس ئىدىم. مېنىڭ ئىشلىرىم، ئائىلىۋى مۇناسىۋە-
تىم بۈگۈنكىدەك پاتقاقا پېتىپ قالماس ئىدى. سەن
يەنە بۈگۈنكى كۈندىمۇ يولۇمغا پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتىد-
سەن!» كوللوخىستانىڭ كاللىسىنى مانا مۇشۇنداق
چىگىش خىياللار چىرمىۋالدى.

— بوپتۇ، ياخشى، ئىشنى باشلىغان ئادەم ئاخىرىنى
چىقىرىش كېرەك. «بار تاۋۇقىم، يان تاۋۇقىم، بولمىسا
ئوتتۇرىدا سۈن تاۋۇقىم» دەپتىكەن، ساڭا يۈز قاراشنىڭ
نېمە ئىشى؟ مەنمۇ ساڭا — سەن توفاغا ئۆزۈمنىڭ
كارامىتىنى بىر كۆرسىتىپ قوياي!

كوللوخىستا ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، قولىغا
ئاچقۇچنى ئېلىپ، بىر ساندۇقچىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى.

ئۇنىڭ ئىچىنى ئاختۇرۇپ، سارغىيىپ كەتكەن بىر قەغەزنى تاپتى ـ دە، ئۇنى ئېھتىيات بىلەن ئۇستەلنىڭ ئۈستىگە يايدى. ئاندىن ئۇنىڭغا تەپسىلىي قارىغاچ، كۆڭلىدە: «قېنى كۆرىمىز پەس توفا، سەن ماڭا خىزمەت بەرمىگەنىكەنسەن، مەنمۇ سېنى ئاشۇ ئەركە ـ نايناق خوتۇنۇڭ بىلەن قوشۇپ يۇزۇڭنى تۆكۈپ باقاي، سىلەرگىمۇ يالغان ئىمزا ياساشنىڭ يامان ئىش ئىكەنلىكىدىن ساۋاق بېرىپ قوياي!» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ھېرمو ۋ قانۇن ئىشلىرىغا پىششىق، شۇڭا ئۇنىڭ بۇنىڭدىن چوقۇم تېنىۋالىدىغانلىقىنى كوللوخىستا بىلەتتى. چۈنكى نارانىڭ دادىسى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەچكە، يۇزلەشتۇرىدىغان ئادەم يوقتە. لېكىن چېسلا، پەقەت مۇشۇ چېسلالا ئۇنىڭ ساختا ئىسپات ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرەلەيدۇ...ئۆلگەن ئادەم قانداقمۇ ئىمزا قويسۇن! مۇشۇ نۇقتىلا ھېرمو ۋنىڭ جېنىنى ئالىدۇ!

كوللوخىستا ئۆزىنىڭ ئىنچىكە، پۇختا ئىش قىلغانلىقىدىن كۆڭلىدە سۆيۈنۈپ كەتتى.

كوللوخستا ئىلگىرى ھۆججەتتىكى ئىمزا بىلەن نارانىڭ دادىسىنىڭ پوچېركىسىنى ئىزدەپ تېپىپ سېلىشتۇرۇپ، يېرىم كۈن قاراپمۇ، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق كاۋاك تاپالمىغانىدى. گېزىتكە نارانىڭ دادىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى بېسىلغاندىن كېيىن، ئۇ بىردىنلا بىرىنىڭ 29 ـ ئۆكتەبىر، يەنە بىرىنىڭ 2 ـ سېنتەبىر ئىكەنلىكىنى بايقاپ، خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك

بولۇپ كەتتى. مەلۇم بىر خاتالىقنى ئۆتكۈزگەن ئادەم، يەنە بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش خاتالىق ئۆتكۈزگەندە-لىكىنى بىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئەجەللىك نۇقتىسىنى چىڭ تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ با-قايلى، ئۇ بۇ مەمنۇنىيەتتىن ھاياجانلىنىپ قانداق بو-لۇپ كېتەر! لېكىن كوللوخىستا داۋراڭچى ئادەم ئەمەس، ئۇ بۇ سىرنى كۆڭلىدە ساقلاپ، ھېچ ئىش كۆرمىگەن ئادەمدەك يۈرۈۋەردى. ھازىر بولسا ئۇ بۇ گال پىچاقنى قولىغا ئېلىپ، ئۆزىگە قىلىنىۋاتقان ئادالەتسىزلىككە جەڭ ئېلان قىلماقچى، ئەلۋەتتە بۇ ئۇسۇل ئۇنچە مەرد-مەردانىلىك ئەمەس، لېكىن بۇ دۇنيادا مەرد-مەردانە-لەرچە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن زادى قانچىسى چىقار؟

ئۇ سالام خەت قەغىزىنى ئېلىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويدى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پىشقان يېزىقچىلىق ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، مۇنۇ سۆزلەرنى رەتلىك، چىرايلىق قىلىپ يازدى:

*«ھۆرمەتلىك دىرېكتور ئەپەندى:*

*مۇبارەك خېتىڭىزنى مىسلى شەرەپ بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. ماڭا ئېتىبار قىلغانلىقىڭىزغا كۆپتىن كۆپ رەھمەت، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزگە، مەرتىۋە-شۆھرى-تىڭىزنىڭ ئۆسكەنلىكىنى تەبرىكلەپ ئەڭ ياخشى بىر سوۋغات تارتۇق قىلماقچى.... خەيرلىك بىر خەۋەر يەت-كۈزمەكچى.... ئايالىڭىز خەستە تېنىڭىزنىڭ بالدۇرراق*

*ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن، دادىسىنىڭ ئىمزاسىنى (يالـ. خان ياساپ) قويۇپ، مەندىن 1200 يۈەن قەرز ئالغانىدى. ئەسلىدە قەرز ھۆججىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈشىڭىزگە سۇناي دەپ ئويلىغانىدىم. تەسەۋۋۇر كۈچى مول بۇ قەرز ھۆججىتى سىزنىڭ يەنە بىر قېتىم يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرۈلۈشىڭىزگە دەستەك بولۇپ، مۇكەممەل ئادەملە. رىڭىز، ئالىيجاناب ئەخلاقىڭىزنىڭ ئىسپاتى بولۇپ قالالايتتى. ئەپسۇس، مەن بۇ پۇلنىڭ ھەممىسىنى، ئانچە كۆپ بولمىغان ئۆسۈمىنى تېخى قايتۇرۇۋالمىدىم.*

*شۇنى ئەسكەرتىپ قوياي: سىز بۇ ئىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئايالىڭىزدىن سوراش. تۇرۇپ ئولتۇرۇشىڭىزنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق. ئۇ سىزنى دەپلا شۇنداق قىلغان. سىز پەقەت ئەتە ـ ئۆگۈن چىقىدىغان يەرلىك گېزىتلەرگە دىققەت قىلىپ قويسى. ڭىزلا بۇ مەقسەتكە يېتەلەيسىز.»*

كوللوخىستا خەتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى قايتىلاپ ئىككى قېتىم ئوقۇدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېھتىيات بىلەن ئىمزاسىنى قويۇپ، ئۇنى قاتلاپ لىپا. پىنىڭ ئىچىگە سالدى. كەينىدىنلا ئۇ يەنە نەچچە ۋاراق ماقالە قەغىزىنى ئەكېلىپ ئالدىغا قويدى ـ دە، «بەختسىز ئايال» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە يېزىشنىڭ تەپ. سىلاتى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. ماقالىدە ئۇ نارانى ئېرىنىڭ مەجبۇر قىلىشى بىلەن يالغان ئىمزا قويۇپ

قەرز ئالغۇچى ئايال قىلىپ سۈرەتلەيدۇ. ماقالىدە يەنە ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئېرى ئۆزىنىڭ يۈز ـ ئابـ. رۇيىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ كويىغا كىرىپ، بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئايالىغا ئىتتىرىپ قويۇش، ئايالى سوتـ. لىنىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى يازىدۇ. ئۇ كۆڭلىدە بۇ هېكايە ئېلان قىلىنسا، جەمئىيەتتە چوقۇم غۇلغۇلا قوزغىلىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلىدى.

* * *

نارا رانكې دوختۇرنى كىتابخانىغا باشلىمىدى. رانكې دوختۇرنىڭمۇ هېرموۋ بىلەن پاراڭلاشقۇسى يوق ئىدى.

— ياخشىمۇسىز رانكې دوختۇر، ئىشىك قوڭغۇرىقىـ. نىڭ ئاۋازىدىنلا سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزنى بىلگەنىدىم. توفا بەك ئالدىراش. سىزگە مەن بىردەم هەمراھ بولاي، — دېدى نارا.

—ۋاقتىڭىز بارمۇ؟

— سىزلا كەلسىڭىز مەن چوقۇم ۋاقىت چىقىرىـ. دىغانلىقىمنى سىز تېخى بىلمەمسىز؟

نارا ئاللانىغا بىر ئىستاكان قىزىق قەھۋە دەملەپ كېلىشنى بۇيرۇدى. رانكې دوختۇر بولسا ئۆزىنى هارـ. غىنلىق بىلەن ساپاغا تاشلىدى. كۆزىدىن ئۇنىڭ ئازابـ. لىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.



— رەھمەت نارا، سىز ماڭا ئىزچىل تۇردە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ كېلىۋاتىسىز، سىزنىڭ ماڭا كۆر-ستىۋاتقان بۇ قىزغىنلىقىڭىزدىن قانچە ئۇزۇن بەھرە ئالالىغىلى بولسا شۇنچە ئۇزۇن بەھرە ئالىمەن.

— نېمە دېدىڭىز؟ — بۇ گېپىڭىز بەكلا غەلىتىغۇ؟

— ھەيران بولۇۋاتامسىز؟ ئەلۋەتتە، ئىشىمنىڭ بۇن-چە تېزلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ ئويلىمىغان-دىم.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان نارا تېڭىرقاپ قالدى:

— سىز قايسى ئىشنى دەۋاتىسىز؟ — سورىدى ئۇ رانكىي دوختۇرنىڭ بىلىكىگە ئېسىلىپ.

— قاراڭ سىزنىڭ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى-ڭىزنى، — دېدى ئۇ نارانىڭ ئۆز بىلىكىنى تۇتقان قول-لىرىنى يېنىك پەپىلەپ تۇرۇپ، — سىزدەك نازىنىن ئا-يالنىڭ مېنىڭ ئىشىمغا سەدپارە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆ-رۈپ، كۆڭلۈم ھەقىقەتەنمۇ قانائەت تېپىۋاتىدۇ.

— سىز نېمىشقا بۇنداق روھىڭىزنى چۈشۈرىسىز؟ بۇنداق چۈشكۈن ئادەم ئەمەس ئىدىڭىزغۇ، سىزگە ھەمراھ بولىدىغان مەن بار، توفا بار، بالىلار بار، ھەممە ئىشلار ياخشىلىنىپ كېتىدۇ، — نارا مۇلايىم تەلەپپۇزدا ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى.

— مەن تۇگەشتىم نارا، دورىلارمۇ كار قىلماس بولۇپ قالدى، يەنە نېمىشقا ئۆزۈمنى ئالداپ يۈرگۈدەك-مەن؟ مەندەك داۋالىنىۋاتقان بىمارلار ئىچىدە مېنىڭ كېسىلىم ئەڭ ئېغىر. مۇشۇ كۈنلەردە مەن ئىزچىل تۇردە ئۆزۈمنى تىڭشاپ يۈردۈم. مۇلۇكلىرىمنى ھې-ساب ـ كىتاب قىلدىم. ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ ۋەيران بولغانلىقىم ئېنىقلاندى. ئېھتىمال بىر ئايغىمۇ قالماي گۆرگە كىرىپ كېتىدىغان ئوخشايمەن.

— بولدى قويۇڭ، ئۇنداق شۇملۇقلارنى تىلىمىسە-ڭىز چۇ! — نارا سۆزلەۋېتىپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇ-نىڭغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ ئولتۇردى.

— ئاق كۆڭۈل پەرىشتەم، ئاخىرقى تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسىنى مەن تېخى بىلمەيمەن، لېكىن ئۆلۈپ كې-تىشىم مۇقەررەر. ماڭا ئوخشاش كېسەل ئادەملەر گۆر-لۈكىگە كىرىپ بولغۇچە ناھايىتى يامان باسقۇچنى بې-شىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭغا ئادەتتىكى كىشىلەر بەر-داشلىق بېرەلمەيدۇ.

— بۇنىڭدىن ھەرگىز قورقماڭ، مەن بار.

— ياق، ياق، مېنىڭ ياخشى دوستۇم نارا، مەن سىزدەك بىر سەبىي ئايالغا ئۇنداق قورقۇنچلۇق ھالە-تىمنى كۆرسەتمەيمەن. مەن بۇ ئىشنى ھېرمۇۋغىمۇ ئېيتمايمەن، ئۇنىڭ دوختۇرخانىغا مېنى يوقلاشقا بېرى-شىغىمۇ يول قويمايمەن. ئۇ بەك قورقۇنچاق، ھەرقانداق ئىشتىن قورقىدۇ.

— لېكىن، رانكې دوختۇر...

— بولدى قويۇڭ، كۆپ ئىشلارنى ئويلاپ كەتمەڭ، ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىنى ئېنىق بىلگەندىن كېيىن، شۇ چاغدا مەن سىزگە ئىسىم كارتامنى ئەۋەتىمەن. ئۇنىڭدا كرېست بەلگىسى بولسا، مېنى ھالاكەتكە يۈزلىنىشكە باشلاپتۇ، دەپ بىلىسىڭىز بولىدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، مېنى دەپنە قىلغاندا ئۇستۇمدە تۇرۇپ، گۆرلۈكۈمگە بىر سىقىم توپا تاشلاشنى ھەرگىز ئۇنتۇماڭ.

— بولدى، سۆزلىمەيلا قويۇڭ، بۇگۈن مەن نېمىشقا شۇم خەۋەرلا ئاڭلايدىغاندىمەن؟

— كەچۈرۈڭ نارا، ئۆلۈم كۆز ئالدىمدا كۆرۈنۈپ تۇرسا، كۆڭلۈم قانداقمۇ ئارام تاپسۇن، گۇناھنى باشقا ئادەم ئۆتكۈزسە، جازاسىنى مەن تارتسام، مۇشۇمۇ ئادىل-لىق بولىدۇمۇ؟ ئەتراپقا نەزەر سېلىپ بېقىڭچۇ، بۇ دۇن-يادا، ماڭا ئوخشاش ئۇۋالچىلىققا قېلىۋاتقان ئادەمدىن زادى قانچىلىكى باردۇ؟!

مۇشۇ گەپ بىلەن ھەر ئىككىسى سۈكۈتكە چۆم-گەنىدى. لىندان خانىم ئىچكىرى تەرەپتىن چىقىپ كەلدى. نارا رانكې دوختۇرنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ تۇرغان قولىنى دەرھال تارتىۋالدى ـ دە، ئۇنىڭغا قاراپ:

— كرىستىنا، مانا بۇ كىشى رانكې دوختۇر بولىدۇ، — دېدى.

لىندان خانىم خېلىدىن باشلاپ، نارا بىلەن رانكې دوختۇرنىڭ مۇناسىۋىتىگە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇ كۇندە بۇ ئۆيگە كېلىدىغان بۇ ئەر كىشىدىن ئۆزى ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى نارانى دەپ خاتىرجەم بولالمايتتى. «نارا ئۇنىڭ بىلەن نېمانچە يېقىن ئولتۇرۇشقاندۇ، نېمە ئۇچۇن بىر ئېغىزمۇ پاراڭ سېلىشماي سۇكۇتتە تۇرۇ- شىدۇ؟» ئۇ رانكې دوختۇرغا باش لىڭشىتىپ سالام قىلغاندىن كېيىن:

— سىز بىلەن دىدار كۆرۈشۈشكە ئۇزۇندىن بۇيان ئىنتىزار ئىدىم، — دېدى. ئاندىن ناراغا قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — نارا، مەن ئىشلەۋاتقان ھېلىقى نىقاب- لىق تانسا كېچىلىكىدە كىيىدىغان كىيىمىڭنىڭ بىر چىلتىكى كەم ئىكەن، ئۆيۈمدە شۇنىڭغا مۇۋاپىق كې- لىدىغان بىرى تۇراتتى. تۇرالغۇمغا بېرىپ شۇنى ئېلىپ كېلەي، سەن تانسا كېچىلىكىگە بارغۇچە كىيىم چوقۇم تەييار بولىدۇ.

— سەن ھەقىقەتەن ياخشى جۇمۇ، كرىستىنا، — نارا خۇشاللىقىدا ئۇنىڭ بىلىكىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى، — سەن دائىم مۇشۇنداق ئەتراپلىق ئوي- لايسەن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، مېنىڭ ئەركە ئۆگى- تىدىغان پۇلدار دادام بولمىغاندىكىن.

— رانكې دوختۇرنىڭ ئالدىدا مېنىڭ سەۋەنلىكلى- رىمنى ئاشكارىلىمساڭچۇ.

لىندان خانىم كەتكەندىن كېيىن رانكې دوختۇر بىلەن نارا يەنە ئۆزىنىڭ گېپىگە چۈشتى. نارا ئۇنىڭغا:

— رانكىي دوختۇر، سىز ھەرگىزمۇ ئۇمىدسىزلەن-مەڭ، كۆڭلى - كۆكسىڭىزنى كەڭ تۇتۇڭ، — دېدى.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن مەندە ئۇنداق قىلىشقا ئىمكانىيەت بولمىسا قانداق قىلىمەن، دادام مېنى بىر دۆۋە قەرزگە بوغۇپ قويۇپتۇ، مەن ھازىر نەس باسقان مۇشۇ يۇلۇن سىفلىسى كېسىلىم بىلەن ئۇنى قايتۇرۇشقا مەجبۇرمەن.

— دادىڭىز مەرۋايىتگۈل بىلەن پۆرە يېيىشكە شۇنداق ئامراق ئىدى، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، موگۇ يېيىشكىمۇ ئامراق ئىدى.

— مۇنداق دەڭ، ئۇ يىستېر قۇلۇلىسىنىمۇ كۆپ يەيتتى، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ئۈزۈم ھارىقى، شامپانىنىمۇ كۆپ ئى-چەتتى.

— بەكمۇ ئەپسۇس، سىز يۇلۇن سىفلىسى تۇرۇق-لۇق، ئۇنداق ياخشى نەرسىلەرنى تېخى يەپ باقمىدى-ڭىز....

— سىز نېمىشقا مېنى بۇنداق مەسخىرە قىلى-سىز؟ — رانكىي دوختۇر شۇئان ناراغا گۇمانىي نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

— مەن سىزنى مەسخىرە قىلغىنىم يوق. يەپ - ئىچىدىغان ياخشى نەرسىلەرنىڭ شۇنچە كۆپلۈكىنى ئويلاپ خۇشال بولۇپ كۈلۈۋاتىمەن، — نارا ئۇنىڭغا شوخ تەبەسسۇم بىلەن قاراپ چاقچاق قىلدى.

— مەن ئىلگىرى سىزنىڭ بۇنچە يامان ئىكەنلىكىڭىزنى نېمىشقا ھېس قىلمىغاندىمەن؟ — رانكې دوختۇر سۆزلىگەچ ئورنىدىن دەس تۇردى.

— بۈگۈن مېنىڭ كەيپىياتىم سەل نورمالسىز تۇرىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— ئەلۋەتتە، شۇنداقراق تۇرىدۇ.

نارامۇ لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، قوللىرىنى رانكې دوختۇرنىڭ يەلكىسىگە ئارتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق زەڭگەر كۆزلىرىدە بولسا ياش ئۇنچىلىرى لىغىرلايتتى.

— رانكې دوختۇر، سىز ۋاپات بولسىڭىز توفا بىلەن ئىككىمىز سىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمىز، بولۇپمۇ مەن بەك ئازابلىنىمەن، — نارا سۆزلەۋاتقاندا كۆز ياشلىرى مەڭزىگە سىرغىپ چۈشكەندى.

رانكې دوختۇر نارانىڭ بۇ سەممىي يېقىنچىلىقى ۋە چوڭقۇر مېھرىبانلىقىدىن تويۇقسىزلىق ھېس قىلدىمۇ، ھاياجان ئىلكىدە پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كەتتى. چىن كۆڭلىدىن ئېيتقاندىمۇ، ھەر قېتىم نارا بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇنىڭدا بىر خىل ناراغا يېقىنلىشىش تۇيغۇسى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ھال ـ ئەھۋالىغا مۇڭ قوشۇپ، ئۇنى سىلىغۇسى، ھەتتا ئۇنى قۇچاقلىغۇسى كېلەتتى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ كېسىلىنى ئويلايتتى ـ دە، بېشىغا بىر چېلەك سۇ قۇيۇلغاندەك بولۇپ، ئۆرتەپ تۇرغان

ئۆمىد ـ ئىستەكلىرى شۇئان تاراپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، تەدرىجىي ھالدا كۆز ئالدىدىكى بۇ نازىنىن ئايالغا نورمال مۇئامىلىدە بولۇشقا ئادەتلەنگەن. لېكىن ھازىر بولسا نارانىڭ بۇ كەيپىياتى بىردىنلا ئۇنىڭ قەل-بىگە گۈلخان يېقىۋەتتى. ئۇزۇندىن بۇيان كۆتكەن تې-نىنى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرۇش ئىستىكىنىڭ بىراقلا يوققا چىقىشىدىن قورقۇپ، يېقىنچىلىقىنى ھەرىكەت بىلەن ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قوللىرىنى يېنىك ھالدا نارانىڭ بېلىگە ئاپىرىۋىدى، نارامۇ ئۆزىنى قاچۇرمىدى. ئۇ ھازىر سەللا كۆچەپ ئالدىغا تارتسا، كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۆزىنى مەھلىيا قىلىپ كەلگەن بۇ ئايالنى ئۆز قوينىدا كۆرەتتى.

دەل شۇ چاغدا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىۋىدى، ئۇلار خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك تېزلىكتە ئايرىلىشتى ۋە ئۆزلىرى بايا ئولتۇرغان ساپاغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى.

— خانىم، مېھمان ئەمەس، ئۆي ئارىلاپ مال سانتقۇ-چىكەن، مەن ئۇنى كەتكۈزۈۋەتتىم، — دېدى ئىشىكتىن كىرگەن ئاللان.

بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن، يەنە رانكې دوختۇر ئالدى بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىز بىلەن ھېرمۇۋ باشقىدىن يېڭى دوستلاردىن بولۇپ قالسىلەر، مەن مېنىڭ ئورنۇمنى باسىدىغان ئۇ ئادەمنى كۆرۈپ يەت-تىمم....

— ئاغزىڭىزغا كەلگەنچە سۆزلىمەڭ!

— ياق، ياق، بۇ ھەرگىزمۇ ئاغزىمغا كەلگەنچە سۆزلەش ئەمەس. ھېلىقى لىندان خانىم مېنىڭ ئورنۇمنى باسىدىغان ئادەمنىڭ دەل ئۆزى ئەمەسمۇ؟

— ئۇنداق چاقچاقلارنى قىلماڭ. ئۇ مېنىڭ بۇرۇنقى ساۋاقدىشىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا.... ئۇنى سىزگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، — نارا گېپىنى تۈگىتىپ بېشىنى تۆۋەن قىلىۋىدى، چىرايلىق بويىنىغا ئالتۇندەك سېرىق، بۇدۇر چاچلىرى يېيىلىپ چۈشتى. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مەن ھازىر تەسەۋۋۇر قىلالمايۋاتىمەن.... ماڭا سىلەر بولمىساڭلار، كۆڭلىرىمنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى پەقەت تەسەۋۋۇر قىلالمايۋاتىمەن.

— بولدى قويۇڭ، ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ، بىز سىز بىلەن ئىنتايىن يېقىن ئۆتۈۋاتىمىزغۇ.

— ھازىر مەن بارلىقىمنى يوقىتىشقا مەجبۇر ...،

— رانكې دوختۇرنىڭ سۆزلىگەنچە ئاۋازى پەسلىمەكتە، كۆزلىرى بولسا يەرگە، بۇ نۇقتىغا تىكىلمەكتە ئىدى.

— بىز سىزنىڭ بىزدىن ئايرىلىپ كېتىشىڭىزگە يول قويمايمىز.

— ھەممىنى تەقدىر بەلگىلەيدۇ، — رانكې دوختۇرنىڭ ئاۋازى يەنىلا شۇنداق تۆۋەن ئىدى، — باشقىلارنىڭ

رەھمەت ـ تەشەككۈرىگە ئېرىشكۈدەكمۇ بىرنەرسە قالدۇ-رالمايدىغان بولدۇم. ئۇھ تارتىش. ... ھەتتا ئاھ ئۇرۇش-قىمۇ پۇرسەت يوق، قىلىپقالىدىغىنى پەقەت بىر قۇرۇق ئورۇن، ئۇنى كىم كېلىپ تولدۇرسا بولۇۋېرىدۇ.

— ئۇنداقتا، سىز نېمىشقا ماڭا خاتىرە بولغۇدەك بىرنەرسە قالدۇرمايسىز؟

— مەن سىزگە نېمە قالدۇرالايمەن؟

— دوستلۇقىمىزنىڭ خاتىرە بۇيۇمى بولسىمۇ بولىدۇ.

— ھە، گېپىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ!

— دېمەكچى بولغىنىم ... ماڭا كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلسىڭىز دەيمەن....

— سىز ماڭا ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان پۇرسەت بەرمەكچىمۇ؟

نارا نېمە ئۈچۈن بۇ گەپلەرنى دەۋەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. بەلكىم ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئاللىبۇرۇنلا مۇشۇنداق نىيەت بولۇپ، رانكې دوختۇر ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا پۇل بەرسە، ئۇ ھېلىقى قەرزنى قايتۇرۇپ، ھېلىقى ئەجەللىك قەرز ھۆججىتىنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئارزۇ قىلغاندۇ، ئەگەر بۇنى چۈش دېگەندىمۇ، چىرايلىق قىزلار بۇنداق چۈشلەرنى كۆپ كۆرىدۇ: تۇيۇقسىز بىر كۈنى ناھايىتى باي، پۇلدار بىر بوۋاي ئۆلۈپ قالىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ بوۋاي يالغۇز ـ يېگانە بولۇشى كېرەك. ئۇ

ھايات ۋاقتىدا بۇ قىز دائىم ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ يوق-لايدۇ. ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن بارلىق مال - مۈلكۈمنى سۆ-يۈملۈك × × غا قالدۇرىمەن» دېگەن بىر ۋەسىيەتنامىگە ئېرىشىدۇ. نارامۇ مۇشۇنداق چۈشلەرنى كۆرۈشتىن باشقا يەنە ۋىجدانلىق بىر ئەر كىشى ماڭا يوشۇرۇن كۆيۈپ قالسا، ھالقىلىق پەيتتە ئۇ مېنى قۇتقۇزۇشى مۇمكىن ئىدى، دېگەنلەرنى ئويلىغانىدى.

نارا مۇشۇ تاپتا رانكېي دوختۇرنى تەسەۋۋۇرىدىكى ئاشۇ كىشىنىڭ ئورنىغا قويغانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ-نىڭغا مۇشۇنداق قىلىشتىن باشقا چىقىش يولى قال-مىغانىدى.

— ياق، بولدى رانكېي دوختۇر، مەن بۇ گەپنى ئاغ-زىمدىن چىقىرالمايمەن. بۇ كىچىك ئىش ئەمەس. ... سىز ھەقىقەتەن ماڭا ياردەم قىلىشنى خالىسىڭىز ... بولدىلا، دېمەيلا قوياي.

— دەڭ نارا، سىز ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسىز؟

رانكېي دوختۇرنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن نارا غەيرەتكە كەلدى بولغاي، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋام قىلدى:

— مەن سىزگە ئىشىنىمەن. سىزنى ئەڭ ئىشەنچ-لىك، ئەڭ يېقىن دوستۇم دەپ بىلىمەن. شۇڭا سىزنى ماڭا بىر ئىشقا ياردەم قىلارمىكىن دەپ...

— دەلىڭ، دەۋېتىڭ، مەندەك ئۆلۈمى يېقىنلىشىپ قالغان ئادەمنى قىينىماڭ.

— بولىدۇ، دەي، سىز بىلىسىز، توفا مېنى سۆيىدۇ، قىلچە ئىككىلەنمەي هاياتىنى مەن ئۈچۈن قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ....

— نارا، سىزچە، دۇنيادا پەقەت ئاشۇ بىر كىشىلا...

رانكې دوختۇر سۆزلىگەنچە نەپسى تېزلىشىپ كەتتى. ئۇ ناراغا بەك يېقىن تۇرۇپ سۆزلىگەچكە، تىنىقى ئۇنىڭ چاچلىرىنى يەلپۈپ تۇراتتى. نارا كۆڭلىدە «يامان بولدى. ئۇ گېپىمنى باشقىچە چۈشىنىپ قالدى. مەن نېمىشقىمۇ ئۇنىڭدىن ياردەم سورىغاندىمەن؟ مەن ھەقىقەتەن ئەخمەق خوتۇن ئىكەنمەن...»دېگەنلەرنى ئويلىدى.

— نارا، سۆزلەڭ، مەن ... مەن كېتىشتىن ئىلگىرى چوقۇم ماڭا دېيىشمەكچى بولغانلىرىڭىزنى دەۋېتىڭ، كېيىن گېپىڭىزنى ئاڭلايدىغانغا ماڭا مەڭگۇ پۇرسەت بولماسلىقى مۇمكىن....

— بولدى، قويايلى رانكې دوختۇر، بىز بۇ ھەقتە سۆزلەشمەيلى.

— ياق، چوقۇم دېيىشىڭىز كېرەك. مەن سىزگە شۇنداق ئىبىتايكى، مەنمۇ ... مەنمۇ سىز ئۈچۈن ئۆزۈمنى قۇربان قىلىشقا تەييار.

— ياق، ياق، ئۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ.

— مەن بەلكىم سىزنى توفادىن ئارتۇقراق سۆيىدىغاندىمەن. شۇنداق بولسا بولمامدىكەن؟ ئەگەر مەن دائىمىلىق كېيىپ ـ ساپا قىلىپ قالدۇرۇپ كەتكەن قەرزىگە تۇتۇلۇپ قالمىغان بولسام، مەنمۇ بىلىمىنى رۇسلاپ، قەددىمنى كۆتۈرۈپ يۈرەتتىم. سىزنىمۇ ھەر كۈنى بۇنداق قۇرۇق يوقلاپ كېلىش بىلەن قانائەت ھاسىل قىلمايتتىم. بىلىشىڭىز كېرەككى، مەنمۇ بىر ئەر كىشىدە....

— ئاللان، چىراغنى ئېلىپ كېلىڭ! — نارا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.

ئاللان چىراغنى ئېلىپ كىردى. ئۇنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ چىقىپ كەتكەندە، رانكې دوختۇر ئاللىقاچان ساپاغا يېقىلىپ قالغانىدى. چىراغ يورۇقىدا ئۇنىڭ يۈزلىرى تاتىرىپ مۇردىغىلا ئوخشاپ قالغان. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆز چاناقلىرى بەئەينى ئىككى قارا ئۆڭكۈرگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. بۇنى كۆرگەن نارا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، توختىماي كەچۈرۈم سوراشقا باشلىدى:

— رانكې دوختۇر، مېنى كەچۈرۈڭ، مەن سىزنىڭ بۇنداق گەپلەرنى قىلىشىڭىزغا سەۋەبچى بولمىسام بولاتتى، لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ قەستەنلىك ئەمەس، مەن پەقەت سىزنى ماڭا ياردەم قىلارمىكىن دەپ...

— نېمىلا دېمەيلى، نارا، مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىم

سىزگە باغلانغان. شۇنى ئېيتىپ قوياي، سۆيۈملۈكۈم، سىز ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ماڭا دەيدىغان گېپىڭىزنى دەڭ، بولمىسا پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىسىز. قېنى سۆزلەڭ، قىلچە ئىككىلەنمەڭ. كۆڭلىڭىزدە مەن بارلىقىنى مەن ئوبدان بىلىمەن.... مەن دېمىشكە تېگىشلىك گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى سىزگە دېدىم. قىلغان گېپىمگە ھەرگىز ئۆكۈنمەيمەن. نارا، قېنى ئېيتىڭچۇ، مەن سىزگە نېمە قىلىپ بېرەي، پۇل كېرەكمۇ، جانمۇ؟ مەن سىز ئۈچۈن ھەممىگە تەييار.

نارانىڭ كاللىسى تېخىمۇ ئېلىشىپ كەتتى، لېكىن رانكېي دوختۇرنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئۇ خېلىلا روھلىنىپ قالغانىدى. گەرچە رانكېي دوختۇر بۇ تۇرقىدا ئۇنىڭغا ياردەم قىلالمىسىمۇ، ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ يالغۇز ـ يېگانە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

— بولىدۇ، مەن ئېيتاي، رانكېي دوختۇر. گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ: بىر ئايال كىشى ئۆزىنىڭ ئېرى ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭچۇ؟...

نارا ئەمدىلا گېپىنى باشلاۋاتاتتى، ئاللان ئالدىراپ ـ تېنەپ كىردى ـ دە، ناراغا قاراپ:

— كەچۈرىسىز خانىم، بۇ بىرىنىڭ سىزگە بەرگەن ئىسىم كارتىسى ئىكەن، — دېدى.

نارا ئىسىم كارتىسىغا لاپپىدە قارىدى ـ دە، ئۇنى ئاللاننىڭ قولىدىن ئېلىپ يانچۇقىغا سېلىۋالدى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — سورىدى رانكېي دوختۇر دىققەت بىلەن، — ھېچ ئىش بولمىدى. كىيىمگە مۇنا-سىۋەتلىك ئىش ئىكەن.

— سىز، كىيىمنى لىندان خانىم تەييارلاپ بېرى-ۋاتىدۇ دېگەن ئىدىڭىزغۇ؟

— رانكېي دوختۇر، — دېدى نارا ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — سىز مەن ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رازى ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتقانىدىڭىز. شۇنداقكەن، بۇ ئىسىم كارتىسى ھەققىدىكى گەپنى تو-ۋاغا ھەرگىز ئېيتماڭ. ... يەنە بار، سىز كىتابخانىغا كىرىپ توۋانى گەپكە تۇتۇپ تۇرۇڭ، ئۇنى ھەرگىزمۇ سىرتقا چىقارماڭ.

رانكېي دوختۇر نارانىڭ كەيپىياتىدىكى بۇ جىددىي-چىلىكنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھېرمۇۋدىن يوشۇرۇۋاتقان چوڭ بىر ئىشنىڭ بارلىقىنى بىلدى-دە، ئۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن ھالدا سورىدى:

— نارا، ھېچ ئىش يوقتۇ؟ خاتىرجەم بولۇڭكى، مەن سىزگە ياردەم قىلىمەن. ناۋادا سىز ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتسى-ڭىز، مەنمۇ قاتىل بولىمەن.

رانكېي دوختۇر سۆزىنى تۈگىتىپ، چوڭ-چوڭ قەدەملەر بىلەن كىتابخانىغا كىرىپ كەتتى.

— خانىم، ھېلىقى ئادەم كەتمەي تۇرۇۋالدى. سىز بىلەن چوقۇم كۆرۈشىمەن دەيدۇ.

— ئۇ ئادەم نەدە؟

— ئۇ بىنانىڭ ئارقا تەرەپ پەلەمپىيىدىن چىقىپتۇ. ھازىر ئاشخانىدا، سىزنى ساقلاۋاتىدۇ.

— بولىدۇ، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەي، ئاللان، سەن سىرتتا قاراپ تۇر، ھېرموۋ ئەپەندى ئۇ تەرەپكە ئۆتسە، دەرھال ماڭا خەۋەر قىل.

— بولىدۇ، خانىم.

نارا ئەينەككە قاراپ چېچىنى تۈزەشتۈردى. ئاندىن ئۆز - ئۆزىگە: «بولىدىغان ئىش بولدى. بالايىئاپەتمۇ ئا-خىر كەلدى. ئەمدى ئۇنى كەينىگە تارتىشقا ۋاقىت قال-مىدى. ئەمدى نېمە ئىش بولسا پېشانەمدىن كۆرەي،»دې-دى.

كوللوخىستا ئۇچىسىغا خۇرۇم پەلتو، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك، بېشىغا خۇرۇم گىرۋەكلىك شىلەپە كىيىۋالغان بولۇپ، ئاشخانىدا نارانى ساقلاپ تۇراتتى. نارانىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، شىلەپىسىنى ئېلىپ سالام بەردى ۋە:

— سىزنى يەنە ئاۋارە قىلدىم، ھېرموۋ خانىم، — دېدى.

— نېمىشقا كەلدىڭىز؟

— بىر خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن.

— نېمە خەۋەر ئۇ، مېنىڭ بىلىشىمنىڭ زۆرۈر-يىتى بارمۇ؟

— بار خانىم، سىزنىڭ بىلىشىڭىزنىڭ تولىمۇ زۆرۈرىيىتى بار. ئېرىڭىز ئاخىر مېنى خىزمەتتىن بوشىتىۋەتتى.

—كوللوخىستا ئەپەندى، مەن سىزگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئىمكانىيىتىمنىڭ بارىچە ئۇرۇنۇپ كۆردۈم. لېكىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى، بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىم ئەمەس.

— ئەلۋەتتە بۇ سىزنىڭ سەۋەنلىكىڭىز ئەمەس. سەۋەنلىك مەندە، بولغان ئىشلارنى ئېرىڭىزگە دېمىگەنلىكىمنىڭ ئۆزى...

— ياق، ئۇ ئىشنى دېسىڭىز بولمايدۇ، كوللوخىستا ئەپەندى. مەن بۇنى ئۇنىڭدىن ھازىرغىچە يوشۇرۇپ كېلىۋاتىمەن.

— سىزنىڭ ئېرىڭىز بىر توخۇ يۈرەك!

— كوللوخىستا ئەپەندى، ئېرىمنى ھاقارەت قىلغۇچى بولماڭ.

— مەن سىزنى ۋە قەدىناس دوستۇم توفانى خېلى ھۆرمەت قىلدىم. لېكىن سىلەر ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلدىڭلار؟

— ئەمدى سىز قانداق قىلماقچى، ئۇدۇل ئېيتىسىڭىزچۇ؟

كوللوخىستا بىرى ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك تۆت ئەتراپىغا قارىۋېتىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ھېرموۋ خانىم، دەيدىغان باشقا گەپىمۇ يوق. سىزدىن ئەھۋال سوراش ئۈچۈنلا كەلدىم. ئىشەنسىڭىز، مەن سىز ئۈچۈن پۈتۈن بىر كۈن ئويلاندىم. مەن گەرچە بىر لاياقەتسىز ئادۋوكات، پەسكەش مۇخبىر ۋە جازانىخور قەرز ئىگىسى بولساممۇ، لېكىن مەندە ئازدۇر - كۆپتۇر بولمىسۇن يۇقىرى قاتلام جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ تەسىرى بار. باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىشنى بىلىمەن.

— شۇ ھېسداشلىقنى ماڭا قىلىڭ، — دېدى نارا يېلىنىش تەلەپپۇزىدا، — سىز بۇ ئىشنى بالىلىرىمنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ ئويلاپ قويۇڭ.

— بالام، ھەي، سىز ۋە ئېرىڭىز مېنى بالامنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ ئويلىشىپ باققانمۇ؟

— بۇ ئىشنى بىز قايتا پاراڭلاشساق بولىدۇ. لېكىن بۇ يەر بەك ئەپسىز، باشقا بىر جايدا ئۇچرىشىپ سۆز-لىشەيلى، بۇ ئىشنى ئېرىم بىلىپ قالسا...

— نېمە، ھېرموۋ ئەپەندى بۇ ئىشنى ھازىرغىچە بىلمەمدۇ؟ بولدى. مەن سىزگە قول قويدۇم. سىز جا-سارەتلىك ئايال ئىكەنسىز، لېكىن خانىم، ئەمدى بۇ ئىش ئېرىڭىز بىلمىسە بولمايدىغان يەرگە كېلىپ قال-دى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— قىلىپقالغان قەرزنى سىز ئۆزىڭىز تۆلەپ بولالامسىز؟

— هازىرچە ئۇنداق قىلالمايمەن. لېكىن هامان بۇ-نىڭ ئامالىنى قىلىمەن. سىز بۇنى ئېرىمگە دېمەي، ماڭا يەنە نەچچە كۈن ۋاقىت بەرسىڭىز....

— بولمايدۇ. ... خانىم، ئەسلىدە مەن سىزگە ۋاقىت بېرىشىم مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئېرىڭىز ماڭا ئاخىرقى ئۇلتىماتۇمنى تاپشۇرۇۋەتتى. شۇڭا مەنمۇ قەتئىي نىيەت-كە كەلدىم. ئەمدى سىز ماڭا مەيلى نەچچە پۇل بېرىڭ، مەن ھېلىقى قەرز ھۆججىتىنى سىزگە قايتۇرۇپ بەرمەي-مەن.

— بۇنداق قىلسىڭىز، بەك ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن بولىسىز!

— بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس خانىم، سىزنىمۇ ئېرىڭىز ۋە بالىلىرىڭىزدىن ئايرىلىپ ماڭا ئوخشاش ياشاشنى ئويلاشقا مەجبۇر قىلىشىممۇ مۇمكىن ئى-دى. ... دەسلىپىدە مەن مۇشۇنداق ئويلىغان، لېكىن مەن قورقۇنچاق ئىكەنمەن. بۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلال-مىدىم.

نارا بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كاللىسىغا ھالاكەتلىك بىر خىيال كەچتى، لېكىن ئۇ خىيالنى دەرھال ئىنكار قىلىۋەتتى. ئۇ تۇرمۇشنى قىزغىن سۆ-يەتتى. سۆيۈملۈك بالىلىرىنى بولسا ھەرگىزمۇ تاشلى-يالمايتتى.

— شۇنداق، مەنمۇ جۇرئەت قىلالمايتتىم، — دېدى نارا.

— توغرا ئېيتتىڭىز، كىمنىڭمۇ مۇز ئاستىدا ياتقۇسى، مۇز ئاستىدىكى ئاشۇ سوغۇق سۇ ئىچىدە تۇرغۇسى، بىر يىلدىن كېيىن ئەتىياز كېلىپ مۇز ئېرىگەندىلا ئاندىن مۇز ئىچىدىن ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا چىققۇسى كەلسۇن، كىمنىڭمۇ؟!...

— كوللوختىستا ئېيەندى، ئۇنچىلىك شەپقەتسىز بولۇپ كەتمىسىڭىز.

— بولىدۇ، بۇ ئىشنى تىنچ، مۇۋاپىق ھەل قىلماقچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ پەقەت بىرلا ئامالى بار. ئۇ بولسىمۇ ئېرىڭىزنى چاقىرتىش ياكى سىز مېنى ئۇنىڭ كىتابخانىسىغا باشلاپ كىرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن...

— ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولماقچى؟

— ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇچىمىز يۈزتۇرانە ئولتۇرۇپ، مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. ئېرىڭىز نامىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بانكىدا داۋاملىق خىزمەت قىلىشىمغا ياردەم قىلىدۇ، ئەسلىدىكى خىزمىتىمنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن يۇقىرىراق خىزمەت بېرىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، مەن بۇ خەتنى...، — ئۇ يانچۇقىدىن يېزىپ تەييارلاپ قويغان بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ كېپىنى داۋاملاشتۇردى، — خەت ساندۇقۇڭلارغا سالىمەن.

ھېرموۋ ئۇنى ئېچىپ كۆرسىلا، ھەممە ئىشنى بىلىدۇ....

—ياق، سىزنىڭ ئۇنداق قىلىدىغان ھوقۇقىڭىز يوق!

—خانىم، مۇشۇنداق قىلىش دەل مېنىڭ ھوقۇقۇم! بۇ چاغدا ئاللان ئالدىراپ - تېنەپ كىردى - دە، ناراغا قاراپ:

—خانىم، لىندان خانىم قايتىپ كەپتۇ. ئۇ سىزنى ئىزدەۋاتىدۇ، مۇشۇ تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ، —دېدى.

ئاللاننىڭ سۆزى تېخى تۈگىمىگەنىدى، ئۆيگە لىندان خانىم كىرىپ كەلدى ۋە كوللوخىستا بىلەن شۇئان كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى.

—نېمە، كوللوخىستامۇ سىز؟...

—شۇنداق، مەن كوللوخىستا، مېنى ھازىرمۇ تونۇغانلىقىڭىزغا كۆپ رەھمەت، تۇرمۇش ھەر ئىككىمىزنى ئاز - تولا ئۆزگەرتىۋەتكەنىدەك قىلىدۇ....

—سىز بۇ ئۆيگە نېمىشقا كېلىپ قالدىڭىز؟— سورىدى لىندان خانىم قانداقتۇر بىر ئىشنى سەزگەندەك.

—ھېرموۋ ئەپەندىگە خەت ئېلىپ كەلگەن، —كوللوخىستا سۆزلىگەچ قولىدىكى كونۋېرتنى كۆرسەتتى. ئاندىن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، خەير - خوش، مەن

كەتتىم، ھېرمووۋ خانىم، لىندان خانىم، — دېگىنىچە شىلەپىسىنى كىيىپ، ئارقا تەرەپتىكى پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەتتى.

نارامۇ ئۇنىڭ كەينىدىن چۈشتى. كۆڭلىدە بولسا: «ھېلىمۇ ياخشى ئۇ كەتتى. كونۋېرتنى خەت ساندۇقىغا تاشلىمىدى، ئىلاھىم، ئەمدى تاشلىماي كەتكەي» دېگەنلەرنى ئويلاۋاتاتتى، شۇ ئەسنادا ئۇ چۆچۈپ كەتتى. «نېمە، ئۇ توختاپ قالدىغۇ؟» مۇشۇ نەچچە سېكۇنت نارا ئۈچۈن ئېيتقاندا، خۇددى سوتتا ئۆلۈم ھۆكۈمنامىسىنى كۈتۈۋاتقاندەكلا بىلىندى. شۇ ئارىدا «تىرىق» قىلغان بىر ئاۋاز چىققاندى، نارانىڭ ئۆڭى ئۆچۈپلا كەتتى. «تۈگەشتىم، ئۇ خەتنى ساندۇققا تاشلىدى! ئۇ خەتنى ساندۇققا تاشلىدى!! ھەممە ئىش تۈگەشتى!!!» دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە.

نارا شۇئان ئىشكتىن يۈگۈرۈپ چىقتى، لېكىن كوللوخىستانىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. بۇ چاغدا نارانىڭ كاللىسىغا كەلگەن بىرىنچى ئىنكاس — خەت ساندۇقىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى خەتنى ئېلىش بولدى. لېكىن ئاچقۇچ ھېرمووۋنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۇ شۇئان بېشىدىكى چاچ قىسقۇچنى يۇلۇپ ئېلىپ، ئۇنى قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچ سالىدىغان يېرىگە تىقتى ۋە ئۇنى ئاچماقچى بولدى. بەك جىددىيلىشىپ، ئالدىراپ كەتكەچكە، چاچ قىسقۇچمۇ سۇنۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈمىدسىز

هالدا كۆككە تىكىلدى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياش مەڭ-زىنى بويلاپ ئېقىپ يەرگە تۆكۈلمەكتە ئىدى.

— نارا، ساڭا نېمە بولدى؟! — دەپ ئەنسىز ئاۋازدا سورىدى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىققان لىندان خانىم.

— كرىستىنا، خەت ساندۇقىنىڭ ئەينىكىدىن ئى-چىگە قاراپ باققىنا، ئىچىدە خەت بارمۇ-يوق؟

— ھەئە بار ئىكەن، بىر پارچە خەت تۇرىدۇ.

— ئۇ مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان ئۇقتۇرۇش ھۆكۈم-نامىسى. كرىستىنا، مەن تۈگەشتىم!

لىندان خانىم كوللوخىستانىڭ ناراغا پۇل قەرز بېرىپ تۇرغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئەمدى ئېنىق بىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدىن:

— نارا، ماڭا ئېيتقىنا، ساڭا پۇل قەرز بېرىپ تۇرغان ئادەم كوللوخىستا، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق. لېكىن بۇ ئىشنى توفا بىلىپ قالسا...

— نارا، سەن تىنچلانغىنا، سەن بۇنداق قەرز ئارتى-ۋېلىپ، ھېچكىمگە تىنماي، كۈلۈپ-يايراپ يۈرۈۋەر-مەسلىكىڭ كېرەك ئىدى. ھېرموۋ ئەپەندىگە ئېيتقىن، ئەر-خوتۇن مەسلىھەتلىشىپ ئىش كۆرسەڭلار، ئۇنى قايتۇرۇشنىڭ بىرەر ئامالى بولۇپ قالار.

— ياق، كرىستىنا، سەن بۇ ئىشنىڭ بىر تەرىپىنى بىلگەن بىلەن، يەنە بىر تەرىپىنى بىلمەيسەن. مەن پۇل

قەرز ئالغاندا، يالغاندىن دادامنىڭ ئىمزاسىنى ئىشلەتكەن. ئاشۇ قەرز ھۆججىتى ھازىر كوللوخىستانىڭ قولىدا. ھېرموۋ سىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، كوللوخىستانى خىزمەتتىن بوشىتىۋەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن بىزدىن ئۆچ ئېلىۋاتىدۇ.

— ئەسلىدە مۇنداق ئىكەندە، مەن دەرھال بېرىپ كوللوخىستا بىلەن پاراڭلىشىپ باقاي، بەلكىم بىز بۇ-نىڭ بىر ئامالىنى قىلارمىز.

— سەن بارمىغىن، ئۇ بەك قارا نىيەت ئادەم. بار-ساڭ زىيان تارتىسەن.

— خاتىرجەم بول، ئىلگىرى بىز بىر مەزگىل يۈرگەن. شۇغىنىسى، مەن ئۇنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

نارا دەرھال ئاللان بەرگەن ھېلىقى ئىسىم كارتى-سىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، ئۇنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ لىندان خانىمغا بەردى.

— بۇ نەرسىنىڭ بولغىنى ياخشى بولدى. نارا، كى-يىمىڭنى تەييارلاپ قويدۇم، كىيىپ سىناپ باق، مەن كەتتىم.

لىندان خانىم ئىشىكتىن چىقىپ بولۇپ، يەنە قاي-تىپ كىرىپ، كىيىمنىڭ ئىشىنى قايتا تاپىلاپ قويدى.

ھېرموۋ بىلەن رانكې كىتابخانىدىن چىقتى، ھېر-موۋ نارانىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ:

— نارا، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟! — دەپ توۋلىدى.

— لىندان خانىم كىيىممنى تەييارلاپ بولغانـ. كەن، ئۇنى ئۈزىتىپ قويدۇم، — جاۋاب بەردى نارا.

— ھە، راست، بۈگۈن خەت ساندۇقىنى تېخى ئاچـ. ماپتىمەن، — ھېرموۋ خەت ساندۇقىنىڭ يېنىغا مېڭىـ. ۋىدى، نارا ھېلىلا قارىغانلىقى، خەت يوقتەك تۇرغانلىـ. قىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ يولىنى توستى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھېرموۋمۇ بولدى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن نارا «ئۇھ» دېـ. دى. ئۇ كۆڭلىدە، نېمىلا بولمىسۇن مەن ئۇنى بىرەر ئىشقا بەند قىلىپ، خەت ساندۇقىنى ئېسىدىن كۆتۈرۈـ. ۋېتىشىم كېرەك، دەپ ئويلايتتى.

— توفا، مەن بەك جىددىيلىشىپ كېتىۋاتىمەن، كەچلىك تاماققا يەنە ئازراق ۋاقىت بار. شۇنىڭغىچە مەن ھېلىقى ئۇسسۇلنى مەشىق قىلاي، سىز ھەرىكەتلىرىمـ. نى تۈزىتىپ بېرىڭ، پىئانىنو چېلىپ بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ھېرموۋ پىئانىنونىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن تېرنتېرا ئۇسسۇل مۇزىكىسىنىڭ ئالدىنقى نەچـ. چە بۆلىكىگە چالدى. رانكې دوختۇر بولسا پىئانىنونىڭ يېنىدا تۇرۇپ، بىر قولىدا ئۇنىڭغا تايانغان، يەنە بىر قولىدا پېشانىسىنى تىرىگەن ھالدا بۇ ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈۋاتاتتى.

نارا قاپىنىڭ ئىچىدىن بىر كىچىك داپنى ئالدى،

ئاندىن ئۇسسۇلىنى باشلىغاچ ئۇنى ھەر تەرەپكە تەگلەپ چالدى ـ دە، چېۋەر ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر ئۇزۇن يېپىنچىنى ئېلىپ چىقتى. مۇشۇ جەرياندا ھەرىكىتى زىيادە ئېغىر بولۇپ كەتتىمۇ، ئۇ سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. لېكىن ئۇ تېزلا ئۆزىنى ئوڭشاپ، يەنە ئۇسسۇلىنى داۋاملاشتۇردى.

بەلكىم ئۇ قەستەن شۇنداق قىلىۋاتقاندۇ. ھەرىكىتى بىردەم تېزلىشىپ كەتسە، بىردەم ئاستىلاپ قالاتتى. ياكى بولمىسا ئۇسسۇلنى خاتا ئويناۋاتتى. بۇنى كۆرگەن ھېرموۋ ئۇنىڭدىن:

— نارا، نېمە بولدىڭىز، ئۇسسۇلىڭىز ھېچ ئەپلەشمەيدىغۇ!؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق توفا، ھېچ ئەپلەشمەيۋاتىدۇ. ئۇ ھەرىكەتلەرنى ئەسلىشىمگە ياخشىراق ياردەم قىلمىسىڭىز بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

رانكې دوختۇر ھېرموۋغا نارانىڭ ھەرىكىتىنى تۈزىتىپ بېرىشنى ئېيتىپ، پىئانىنونى ئۆزى چالماقچى بولدى. ئۇنىڭ پىئانىنو جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى ھېرموۋدىن ئۈستۈن تۇراتتى. پىئانىنو تىللىرى ئۇنىڭ قولىدا شوخ ئويناپ كەتكەندى، شۇئان نارا ئېسىنى يىغقاندەك بولدى. بۇ رانكې دوختۇرنىڭ ئۇنىڭغا ئاخىرقى بىر قېتىملىق پىئانىنو چېلىپ بېرىشى بولۇپ قالارمۇ؟ چۈنكى ئۇنىڭ كېسىلى ھازىر ئاخىرقى باسقۇچتا،

ئۇنداق دېمىگەندىمۇ، خەت ھېرمىۋۇنىڭ قولىغا تېگىپ قالسا، ئوخشاشلا بۇ يەنە ئۇنىڭ ئاخىرقى قېتىم ناراغا پىئانىنو چېلىپ بېرىشى بولۇپ قالىدۇ.

رانكې دوختۇر پىئانىنونى ۋايىغە يەتكۈزۈپ چېلىۋاتاتتى. دەسلىپىدە ئۇ تۆۋەن ۋە لەرزان ئاۋازدا چالدى، نارامۇ بەل، پۇتلىرىنى شۇنىڭغا ماس ھالدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس تولغاپ ۋە يۆتكەپ، بارا ـ بارا بىلەكلىرىنى يايدى ـ دە، ئىنتايىن نەپىس ۋە يېنىك ئويناشقا باشلىدى. مۇزىكىنىڭ رىتىمى تەدرىجىي تېزلەشكەنسېرى، نارامۇ قەدەم ئېلىشنى تېزلەتتى. رانكې دوختۇر بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىۋاتقانلىقىنى تامامەن ئۇنتۇغاندەك، پىئانىنونىڭ كۇيى ئارقىلىق ناراغا قەلبىنى ئىزھار قىلىماقتا، دەردىنى تۆكمەكتە ئىدى. نارامۇ ئۇ چالغان مۇزىكىنىڭ رىتىمىغا ئەگىشىپ، توختىماي ئوينىماقتا ئىدى.

—— رانكې، بولدى قوي، چالما، بۇ قانداقمۇ بىز رەپتىس قىلىۋاتقان ئۇسسۇل بولسۇن! —— دېدى ھېرمىۋۇ تېرىكىپ.

پىئانىنو كۇيى بىر خىل رىتىمسىز ئاۋاز بىلەن توختىدى. نارامۇ تۇيۇقسىز «شاپپىدە» توختاپ قالدى. ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، چاچ قىسقۇچى نەلەرگىدۇر چۈشۈپ قالغان، يۈزىدىن بولسا تەر مونچاقلىرى تەپچىپ تۇراتتى. ھېرمىۋۇ ناراغا قاراپ:

— نارا، سىزنىڭ بۇ ئويۇنىشىڭىز خۇددى ھايات — مامات مىنۇتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇسسۇلغا ئوخشاپ قالدى. ئۇ ئۇسسۇلنى قايتىدىن مەشىق قىلايلى، — دې-دى.

— بولىدۇ توفا، مەن ھەقىقەتەن باشقىدىن ئۆگەن-مىسەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ. سىزمۇ گېزىت كۆرمەي، ئىدارىنىڭ ئىشىنى قىلماي، يېنىمدا تۇرۇپ ماڭا يار-دەملىشىڭ.

— گېپىمنى ئاڭلىغىن توفا. سەن نارانىڭ ئويۇن-شىغا بېقىشىڭ كېرەك، — رانكې دوختۇر سۆزلىگەچ پىئانىنونىڭ ئالدىدىن كەتتى. ئۇ ھە دەپ يۈز — كۆزىدى-كى تەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ھېرموۋغا نەسىھەت قىلاتتى. ھېرموۋ نارانىڭ بېلىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

— بوپتۇ، گېپىڭنى ئاڭلاي، بۈگۈن كەچتە، كەپسىز ئۆگىنىپ قالغان بۇ قىزنىڭ دېگىنىچە بولسۇن، — دې-دى.

ئاللان كىرىپ، كەچلىك تاماقنىڭ تەييار بولغانلى-قىنى ئېيتتى.

نارا قورسىقىنىڭ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى، ھۇزۇر-لىنىپ تاماق يېگۈسىنىڭ كەلگەنلىكىنى، ئۇلار تاماق-خانىغا چىقىپ تۇرسا، ئۆزىنىڭ باش — كۆزىنى يۇيۇپ — تاراپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

رانكې دوختۇر تاۋىنىڭ تازا يوقىلۇۋقىنىنى، ئۆيدە كۆرۈشكە دېيىشىپ قويغان بىمارنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ، تاماقتا بىللە بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، ھېرمووۋمۇ ئۇنى چىڭ تۇتۇپ كەتمىدى، مېڭىش ئالدىدا، رانكې دوختۇر ھېرمووۋغا:

— ھېس قىلىشىمچە، نارانىڭ كەيپىياتى بۈگۈن باشقىچىرەك تۇرىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، بۈگۈن ئۇنى بالدۇرراق ئارام ئالغىلى قويغىن، — دېۋىدى، ئۇ نارانىڭ پات - پات مۇشۇنداق بالا مىجەز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، رانكېنىڭ گېپىگە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى.

— خەير - خوش، توفا......

— رانكې، قارىسام سەنمۇ بۈگۈن ئۇنچە نورمال ئەمەستەك كۆرۈنىسەن، ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قويايمۇ - يا؟

— كېرىكى يوق، ئازراق چارچاپ قالغاندەك قىلىمەن، ئارام ئالسام ياخشى بولۇپ قالارمەن. سەنمۇ ئۆزۈڭنى كۆپرەك ئاسرا ئۇخلاشتىن بۇرۇن مەن ئۈچۈن ناراغا خەيرلىك تىلەپ، بالىلارنى سۆيۈپ قوي.

رانكې دوختۇر پەلەمپەينىڭ سالاسۇنىنى تۇتقىنىچە، ئاستا دەسسەپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئاخىرقى بالداقتىن چۈشۈپ ئەمدىلا بۇرۇلۇپ تۇرۇشىغا، كۆزى توساتتىن قاراڭغۇدا تۇرغان ناراغا چۈشۈپ قالدى. رانكې ئۇنى كۆرمىگىلىكى تاسلا قالغانىدى. نارا بولسا ئۈن - تىنسىز

كېلىپ رانكىي دوختۇرنى چىڭ قۇچاقلىدى، رانكىي دوختۇرمۇ ئۇنىڭ بۇ كەيپىياتىدىن تەسىرلىنىپ، كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئاقتى، ئۇمۇ نارانى چىڭ قۇچاقلىدى. نارانىڭ ئالتۇندەك چىرايلىق سېرىق چاچلىرىدا ئۇنىڭ سانسىزلىغان لەۋ ئىزلىرى قالدى. «ئەبەدىي ئايرىلدۇق، رانكىي دوختۇر» دەپ ئويلايتتى نارا ئىچىدە.

«ئەلۋىدا، نارا، ھاياتىمىزنى بىردىنبىر سۆيگەن ئايال» دەپ ئويلىدى رانكىي دوختۇرمۇ.

نارا رانكىي دوختۇرنى قويۇۋەتتى. ئۇنىڭ قۇچىقىدىن بوشىنىپ ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى ۋە خۇددى ئەرۋاھلاردەك تىمتاسلا كۆزدىن غايىب بولدى.

رانكىي دوختۇرنىڭ ئۆيى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ شەخسىي ئامبۇلاتورىيىسى ئىدى. ئۇ بۇ يىرنەچچە كۈندىن بۇيان تىجارەت قىلمىدى. بۇ ئۆيدە يوھان ئىسىملىك بىر بوۋاي ئىشلەمچى بار ئىدى. رانكىي ئايال دېدەك ياللىمىغانىدى، يوھانمۇ رانكىينىڭ دادىسىنىڭ ئالدىدا خىزمەت قىلغان ئادەم ئىدى. رانكىينىڭ دادىسى ياغاچ ـ تاش سودىسى بىلەن بېيىغان، يىل بويى تالاغا قاراپ ئاشنا ئويناپ ئۆزىگە مەينەت كېسەل يۇقتۇرۇۋالغانىدى. كېيىنچە ئۇ ئەسلى ـ ۋەسلىدىنمۇ ئايرىلىپ، ئۆزئەجىلىدىن بۇرۇن جېنىنى سىلىپ بەردى. رانكىي تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي،

ئانىسىنىڭمۇ شۇ كېسەل بىلەن يۇقۇملانغانلىقى ئې-
نىقلاندى. ئاخىر ئانىسىمۇ ئازابقا چىدىماي ئۆزىنى ئۆل-
تۈرۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن يوھان كىچىك رانكېنى بې-
قىپ چوڭ قىلدى. بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇنىڭدىمۇ شۇ
خىل كېسەل بولۇپ، توي قىلسا بولمايدىغانلىق خەۋە-
رىنى ئۇققاندىن كېيىن، رانكېغا ھەمراھ بولۇپ مۇشۇ
ئائىلىدە قېپقالغانىدى.

يوھان بوۋاي كىچىك خوجايىنىنىڭ قايتىپ كەل-
گەنلىكىنى كۆرۈپ، چىراغنى ياقتى. ئاندىن قەھۋە بى-
لەن كەچلىك تاماقنى تەييارلاپ كۆتۈرۈپ كىردى. رانكې
دوختۇر ھاراق بار-يوقلۇقىنى سورىۋىدى، يوھان بىر
بوتۇلكا ياخشى ئۈزۈم ھارىقىنى كۆتۈرۈپ كىردى-دە،
ئىككىسى بىللە ئولتۇرۇپ، بىر-ئىككى رومكىدىن
ئىچىشكەچ غىزالىنىشقا باشلىدى.

رانكې دوختۇرمۇ، يوھان بوۋايمۇ ئۈن-تىنسىز
ھالدا پەتنۇستىكى نەرسىلەردىن ئېلىپ يەۋاتاتتى. ئادىتى
بويىچە رانكې دوختۇر ئالدىن ئېغىز ئېچىپ، يوھانغا:

— يوھان، مەن ئەتە يىراق جايغا سەپەرگە
چىقىمەن، مېنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىمنى تەييارلاپ
بەرگىن، — دېدى.

— نەگە بارىسىز؟

— جەنۇبقا بېرىپ بىر مەزگىل دەم ئېلىپ كېلەي
دەيمەن.

— مىجەزىڭىز يوقتەك تۇرامدۇ-نېمە؟

— شۇنداقراق، لېكىن كارى چاغلىق، سىز چىقىپ تەييارلىقىمنى قىلىۋېرىڭ، مېنىڭ يازىدىغان نەچچە پارچە خېتىم بار.

يوھان بوۋاي يەپ - ئىچىپ، ئېشىپ قالغان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ مېڭىۋىدى، رانكې دوختۇر ھاراقنى قالدۇرۇپ قويۇشنى ئېيتتى. يوھان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن رانكې دوختۇر ئۈستەلنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە قەغەز تەييارلاپ خەت يېزىشقا كىرىشتى. بىرھازا خەت يازغاندىن كېيىن، يازغانلىرىنى پۈرلەپ تاشلىۋەتتى. ئىككى قېتىم، ئۈچ قېتىم.... ئۇ يازغانلىرىنى پۈرلەپ تاشلاۋەردى. ئاخىر ئۇ قەلەمنىمۇ تاشلاپ، كېيىمى بىلەنلا ئۇخلاپ قالدى.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، بىر چاغدا يوھان بوۋاي بىر لىپاپىنى كۆتۈرۈپ كىردى - دە، خەتنىڭ چۈشتىن كېيىنلا كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ۋاقتىدا بېرىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، لىپاپىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ چىقىپ كەتتى.

رانكې دوختۇر بوۋاينىڭ كىرىشى بىلەن ئويغىنىپ، يەنە ئون نەچچە مىنۇتقىچە ئورنىدىن تۇرماي ياتتى. بىر چاغدا تۇرۇپ خەتنى قولىغا ئالدى - دە، چىراغنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ لىپاپىنى ئۈزۈپ - چۇرۇپ كۆرۈپ، ئۇ ئۆزىگە: «مانا، ئاخىرقى كېسەلمۇ چىقتى» دېدى. ئۇنىڭ ئۆزى دوختۇر، شۇڭا، كېسەلنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلىدۇ. لېكىن ئادەمنىڭ ھاياتلىقتىن

ئۇمىد ئۇزمىكى ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس. رانكېي دوختۇرمۇ بۇ خەتتىن ياخشى خەۋەرگە ئېرىشىپ قالسام ئەجەب ئەمەس دەپ ئويلايتتى. ئۇ كونۋېرتنى يىرتىپ، خەتتىكى خىمىيىلىك تەكشۈرۈشتىن چىققان سانلىق مەلۇماتنى كۆرۈپ ھەممىنى چۈشەندى. «ئەجەل ئاخىر يېتىپ كەلدى» دەپ ئويلىدى ئۇ، بۇ خىمىيىلىك تەكشۈرۈشنى ئۇنىڭ كونا بىر ساۋاقدىشى ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ دوختۇرلۇق تېخنىكىسى دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى.

رانكېي دوختۇر ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قانداق ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئويلىدى.

قىينىلىپ، جان تالىشىپ ياشاپ، كېسەلنىڭ ئۇنىڭ تېنىنى تەدرىجىي چىرىتىشىنى كۈتۈش كېرەكمۇ ياكى ئانىسىغا ئوخشاش ئۇيقۇ دورىسىنى كۆپ ئىچىۋېلىپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش كېرەكمۇ؟ ياق، ئۇ مۇشۇ خىل كېسەل بىلەن پاجىئەلىك ئۆلگەن نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆرگەن. رانكېي ئۇنداق ئۆلۈشنى خالىمايدۇ. ئۇيقۇ دورىسى ئىچىپ ئۆلۈۋېلىش ئاياللارنىڭ ئىشى. ئۇ بىر دوختۇر، بەزىدە ئادەملەرنىڭ جېنى ئىنتايىن نازۇكلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ مەلۇم بىر ئەجەللىك يېرىگە سەللا تېگىپ قويسىلا، ناھايىتى تېزلا ئازابسىز جان بېرىدىغانلىقىنى ئۇ بىلىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ يەنە بىر مەزگىل ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىنى

بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ جەنۇبقا بېرىپ، ئىنس ــ جىن بىلمەيدىغان يەردە، خاتىرجەم ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى قارار قىلدى.

ئۇ دوختۇر بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، بۇنىڭدىن بەك قايغۇرۇپمۇ كەتمىدى. ئەكسىچە، نارانىڭ ئەھۋالىنى ئويلاپ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ سەۋدايىلارچە ئۇسسۇل ئوينىغان ھالىتى بىلەن پەلەمپەينىڭ يېنىدا كۆرۈشكەن كەيپىياتىنى ئويلاپ، يۈرىكى قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى. ئۇ سۆيگەن ئايال، ئاخىرقى ھېسابتا، قولىدىن كېلىدىغان ئىمكانىيىتى بويىچە ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى جاۋاب قايتۇردى. ئۇ نارانىڭ ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈنۈپ، ئاغزىدىن چىقارمىغان ئىشنى ئويلىدى. ئۇ نېمىدۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭغا پۇل لازىم بولسا، ئۇ نېمە ئۈچۈن ئېغىز ئاچمايدۇ؟ لېكىن رانكې ئۆزىمۇ ئۇ ئايالنىڭ كاللىسىدا نېمە ئازاب ــ ئوقۇبەت بار، ئۇنى ھېچقاچان ئويلاپ باقمىدى ۋە دەردىگە يېتىپ باقمىدى. ئەلۋەتتە، ئەرلەر ئاياللارغا ئاسان ئالدىنىدۇ. ئۇلارنىڭ چىرايلىق سۆزلىرى، قاش ــ قاپاقلىرىنى ئوينىتىشلىرى سىېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى خاتا تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ سەبىيلىكى، ئەركىلىكى، كۆرۈنۈشكە بولسىمۇ كۆڭلىدە كىرى يوق بالىلاردەك بىلىنىدۇ.

رانكې ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان ئادەم. شۇڭا ناراغا ئاز ــ تولا خاتىرە قالدۇرۇشى كېرەك. ئۇ قولىغا قەلەم

ئېلىپ، بىر قەغەزگە ۋەسىيەتنامە يېزىشقا باشلىدى. ئۇ ۋەسىيىتىدە يوھان بوۋاينىڭ بېقىلىشىغا يېتەرلىك ئىقتىساد ئاجراتتى. ئۆزىگىمۇ مۇۋاپىق مىقداردا پۇل ئېلىپ قالدى. قالغان پۇلىنىڭ ھەممىسىنى نارا ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىغا قالدۇردى. پۈتكەن ۋەسىيەتنامىنى ئېھتىيات بىلەن بىر جايغا قويۇپ قويغاندىن كېيىن، بىر پارچە ئىسىم كارتىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئۈس-تىگە قارا رەڭدە كرېست بەلگىسىنى سىزدى. ئاندىن ئۇنى يوھان بوۋايغا بېرىپ، ھېرموۋلار ئائىلىسىنىڭ خەت ساندۇقىغا سېلىۋېتىشنى بۇيرۇدى.

يوھان بوۋاي كەتكەندىن كېيىن رانكې دوختۇر چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى. ئارقىدىنلا بىر تال شامنى ياندۇرۇپ، ئۇنى پىئانىنونىڭ ئۈستىگە قويدى. ئاندىن تەشتەكتىن بىر تال ئەتىرگۈلنى ئۈزۈۋېلىپ، ئۇنى ياقىسىغا قىستى. ئاخىردا گېرمانىيە مۇزىكانتى روبېرت چۇماننىڭ «چۇش كۈيى»گە توختىماي چالدى. ئەتە تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئۇ ئۆزى تۇغۇلغان، چوڭ بولغان، ئۇ-نىڭغا ھەم خۇشاللىق، ھەم ئازاب ئاتا قىلغان بۇ دۆلەت زېمىنىدىن ئايرىلىپ، ياقايۇرتتىن ئۆزىگە راھەت جاي ئىزدەپ كېتىدۇ.

* * *

كرىستىنا ئىسىم كارتىسىدىكى ئادرېس بويىچە ئىزدەپ تېپىپ كوللوخىستانىڭ ئىشىكىنى چەكتى،

«كىمدۇ؟»، «ئۇنىڭ نەلەردىكى دوستىدۇ؟» كوللوخىستا ھە دەپ ھېرموۋنىڭ نام ـ ئابرۇيىنى سېستىمىدىغان ھېـ ـلىقى ماقالىسىنى يېزىۋاتاتتى. ئىشىكنىڭ چېكىلگەنـ ـلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كىملىكى ھەققىدە كۆڭلىدە ھەر خىل خىياللار كەچتى ـ دە، قەلەمنى قويۇپ، ئىشىكنى ئاچتى.

— لىندان خانىم، سىزمىدىڭىز؟ — دېدى ئۇ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ.

— شۇنداق، مەن، كىرسەم بولامدۇ؟

— مەرھەمەت، ئەرشتىن پەرىشتە چۈشكەندەكلا بىر ئىش بولدىغۇ.

— كوللوخىستا، سىز ئىلگىرىكىدەكلا ئادەم چېقىـ ـۋېلىشقا ئۇستا ئىكەنسىز.

لىندان خانىم ئۇستۈپىشىدىكى قارلارنى قاقتى، كوللوخىستا ئۇنىڭغا ياردەملەشتى. ئاندىن بىر ئورۇنـ ـدۇقنى يۆتكەپ كېلىپ، ئۇنى مەشكە يېقىنراق ئولتۇـ ـرۇشقا تەكلىپ قىلدى. لىندان خانىم بولسا مىننەتدارـ ـلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويدى.

— دۇنيا راستتىنلا بەك كىچىككەن! مەن ئەسلىدە بىز شۇ ئايرىلىپ كەتكەنچە ئىككىنچى كۆرۈشمەسمىز دەپ ئويلىغانىدىم. كىم بىلسۇن، سىزنىڭ مىنىڭ تۇـ ـرۇۋاتقان ئۆيۈمگىچە ئىزدەپ كېلىشىڭىزنى ھەرگىزمۇ ئويلىمىغانىدىم. ... قانداقتۇر بىر شەخسىي رازۋېدكىچىغا ياردەملىشىپ كەلمىگەنسىز ـ ھە؟

— بولدى، چاقچاق قىلماڭ، مەن ماۋۇ ئىسىم كار-تىسى بويىچە ئۆيىڭىزنى ئىزدەپ تېپىپ كەلدىم.

— پاھ، بۇ مېنىڭ ھېرمونۇ خانىمغا بەرگەن كار-تامغۇ، دېمەك سىز ئۇنىڭ ئۇچۇن سۆزلەشكىلى كەپ-سىز دە.

— ياق، ئۇنداق دېمەڭ، مەن بەك توڭلاپ كەتتىم، ماڭا ئىچكۈدەك قىزىقراق بىرنەرسە بەرمەمسىز؟

كوللوخستا قاچا-قۇچا ئىشكاپىنى ئېچىپ، ئى-چىدىن كىچىككىرەك بىر بوتۇلكا ۋىسكىي ھارىقىنى ئال-دى. ئاندىن كىچىككىرەك بىر رومكىغا قۇيۇپ، ئۇنى لىندان خانىمغا ئۇزىتىۋىدى، لىندان خانىم ئۇنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى. ئۇ يەنە ئوخشاش بىر رومكىغا ھاراق قۇيدى-دە، ئۇنى ئۆزى ئىچىۋەتتى.

— قېنى ئېيتىڭە، مېنى ئىزدەيدىغان نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — سورىدى كوللوخستا.

— سۆزلىشىدىغان گەپلەر ئىنتايىن كۆپ.

— مەن بۇنى ئويلىماپتىمەن.

— سىز مېنى ئەزەلدىن ھەقىقىي چۈشىنىپ باق-مىغان، شۇڭا بۇنداق ئويلىمايسىز.

— چۈشىنىدىغان نېمە بار دەيسىز؟ — كوللوخس-تانىڭ چىرايىدىن بىرخىل تەسۋىرلىگۈسىز ئازاب، قەھر-غەزەپ چىقىپ تۇراتتى، — بىر ۋىجدانسىز ئايالغا ئىلگىرىكىدىن ياخشىراق بىر پۇرسەت چىقىۋىدى،

ئىلگىرى سۆيگەن يىگىتىنى تاشلىۋەتتى شۇ. بۇنداق ئىشلار دۇنيادا كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ.

— سىز مېنى ھەقىقەتەن شۇنداق ۋىجدانسىز ئايال دەپ چاغلامسىز؟ شۇ چاغدا مەن سىزدىن ئايرىلغاندا، مېنى ئازابلانمىدى دەپ ئويلامسىز؟

— ئازابلىنىدىغان نېمىسى بار؟

— نېيىل * سىز راستىنلا شۇنداق ئويلامسىز؟

— ئەگەر سىز شۇ چاغدا ئازابلانغان بولسىڭىز، نېمىشقا ھېلىقىدەك ئايرىلىش خېتىنى يازىسىز؟ بۇ خەت تا ھازىرغىچە خۇددى بىر قورام تاشتەك يۈرىكىمنى بېسىپ كېلىۋاتىدۇ.... ھەي، سىلەر ئاياللار پۇلدىن باشقا يەنە نېمىنى بىلىسىلەر؟

— نېيىل، بوپتۇ، مېنى تىللىۋېلىڭ. ... لېكىن مەن سىزدىن رەنجىمەيمەن. ... مەن توغرا قىلمىغان، مەن سىزنى سۆيەتتىم، سىزنىڭمۇ مېنى سۆيىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم. مېنى ئۇنتۇيالماي يۈرمىسۇن دەپ شۇڭا سىزگە ئۇ خەتنى يازغانىدىم. شۇنى بىلەمسىز نېيىل، ئۇ چاغدا ياشىنىپ قالغان ئانام بىلەن ئىككى ئىنىم ئىقتىسادىي جەھەتتە يار ـ يۆلەكسىز ئەھۋالدا قالغانىدى. ئۇلارنى دەپ مەن مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدىم، — لىندان خانىمنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى بوغۇلۇپ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

* نېيىل — كوللوخىستانىڭ ياش ۋاقتىدىكى ئەركىلەتمە ئىسمى.

— بولدى، سۆزلىمەيلا قويۇڭ، يىغىپ ئېيتقاندا، پەقەت پۇل ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىسىز!

— شۇنداق نېمىل، مەن پۇل ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم، لېكىن بىر ئايال پۇلغا موھتاج بولغاندا، ئۇنى باشقا بىر ئۇسۇلدا نەدىن تاپالىسۇن؟ بىراق ئۇ نىكاھ ماڭا ھېچقانداق پۇل ئەكىلەلمىدى. لىندان ئېپەندىنىڭ ئىگىلىكى ۋەيران بولدى، نەچچە يىل ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتتى. مەن ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ خىزمەت قىلدىم، شۇنىڭدىلا ئانامنى يەرلىكىدە قويۇپ ئۇزىتالىدىم. ئىنىلىرىمنى ئوقۇتۇپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرالىدىم. ئۆزۈمگە كەلسەم، بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى بۇ يولنى ئۆزۈم تاللىغان. لېكىن كۆڭلۈمدە پەقەت يۈز كېلەلمەيدىغان بىر ئادەم بار، ئۇ بولسىمۇ سىز نېمىل....

لىندان خانىمنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن ئېرىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى، كوللوخىستانىڭ كۆڭلىنى خېلى ئوبدانلا يۇمشاتتى.

— مەن سىزنىڭ خېتىڭىزنى كۆرگەندىن كېيىن، تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك، مەن ئولتۇرغان كېمە ئۆرۈلۈپ كەتكەندەك ئەھۋالدا قالدىم. بارغانسېرى تۆۋەنگە قاراپ چۆكتۈم. مىنىڭ تەسلىكتە كېمىنىڭ بىر تاختىيىغا ئېسىلىۋالغانىدىم، ھازىر ئۇنىمۇ باشقىلار بۇلاپ كەتتى.

— نېيىل، مەن سىزنىڭ رىزقىڭىزغا ئولتۇرغانلى-قىمدىن پەقەت خەۋىرىم يوق.

— سىزنى ئىلگىرى بىلمەيتتىمۇ دەيلى، لېكىن بۈگۈن بىلدىڭىز. دېمەك بېقىڭا، ئورنۇمنى قايتۇرۇپ بې-رەلمەمسىز؟

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئورنۇمنى سىزگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئەمدى ئۇنىڭ سىزگە ھېچقانداق پايدىسى يوق.

— نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەيسىز؟ سىز مېنى باش-لانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسىدەك كۆرۈپ، ساۋاق بې-رىشكە باشلىدىڭىزغۇ؟

— مەن سىزگە ساۋاق بەرگىنىم يوق، جاپا ـ مۇ-شەققەتلىك كەچۈرمىشلىرىمىز سىزگىمۇ، ماڭىمۇ سا-ۋاق بەردى، رېئاللىقتا توغرا قاراشنى ئۆگەتتى.

كوللوخىستا ئۈندىمىدى. ئۇ يەنە بىر رومكا ھاراق قۇيۇپ، بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى. ھاياجانلىنىش ۋە ھېلىقى بىر رومكا ھاراقنىڭ تەسىرىدە لىندان خانىم-نىڭ ئىككى مەڭزى قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەن بو-لۇپ، قارىماققا نەچچە ياش ياشىرىپ، ئىلگىرىكى كې-رىستىنا قايتىپ كەلگەندەك كۆرۈنەتتى. كوللوخىستا بولسا نەچچە يىللاردىن بۇيان بېسىلىپ قالغان سۆيگۈ ھېسسىياتىنىڭ بارا ـ بارا ئويغىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

— نېيىل، سىز ئۆزىڭىزنى ئۆرۈلۈپ كەتكەن كېمىنىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەن بىر تال تاختىيىغا ئېسىلىۋالغان ئادەمگە ئوخشاتتىڭىز. مەنمۇ سىزگە ئوپمۇئوخشاش. ئەمدى بىز ئىككى تەقدىرداشلار بىرلىشىپ نىجاتلىق يولى ئىزدىسەك، سىز بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

— نېمە دېدىڭىز؟ — سورىدى كوللوخىستا ئۆز قۇلىقىغا ئىشىنەلمەي.

— ئىككى ئادەم بىر سالغا ئولتۇرسا، ئايرىم - ئايرىم تاختايغا ئېسىلىۋالغانغا قارىغاندا ئۈمىد زورراق بولىدۇ، دېمەكچىمەن.

— كرىستىنا!

— نېيىل، مەن ھازىر، ئىلگىرىكى رومانتىك غايىلەرگە بېرىلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئەمەس. ھازىر ماڭا ئېھتىياجلىقى ئىستىقبالى بار، ئۆزۈم قىلىپ كېتەلىگۈدەك خىزمەت. ھازىر مەن يالغۇز ئولتۇرۇۋاتىمەن، يەككە - يېگانە، ھاياتىمنى قۇرۇقتىن قۇرۇق ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. زەررىچە لەززىتى يوق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمەن. نېيىل، سىز ماڭا بىر ئادەم، بىرەر ئىش ئاتا قىلىپ، مېنىڭ تۇرمۇشىمنىڭ لەززىتىنى تېتىشىمغا ياردەم قىلالامسىز؟

— سىز مۇشۇنداق بولۇشنى راست خالامسىز؟... مېنىڭ ئىلگىرى نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى بىلەمسىز؟...

— بىلىمەن، ناۋادا شۇ چاغدا مەن يېنىڭىزدا بولغان بولسام، سىزنىڭ بۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمايدىغانلىقىڭىزنىمۇ بىلىمەن. نېيىل، مېنىڭ ئەمەلىكتە بولسىمۇ سىز ئۈچۈن، قىزىڭىز ئۈچۈن بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىپ بېرىشىمگە رۇخسەت قىلىڭ!

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كولئوخىستا ئۆزىنى باسالماي ھاياجانغا تولدى:

— كرىستىنا، سىز مېنى ئىزچىل تۇردە ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتامسىز؟!...

— شۇنداق، تا ھازىرغىچە....

كولئوخىستا سەۋدايىلارچە كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا تىزلاندى. پۇتلىرىنى چىڭ قۇچاقلاپ، بېشىنى ئۇنىڭ تىزىغا قويدى. بەدىنى بولسا تىترىمەكتە ئىدى.

ئۇلار خۇددى تۇنجى مۇھەببەتلىشىۋاتقان بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك قۇچاقلاشتى، سۆيۈشتى. ... ئۇلار بىرپەس سەۋدايىلارچە ئىشق ـ مۇھەببەت ئىزھار قىلىشقاندىن كېيىن، كرىستىنا كولئوخىستانىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا:

— ھازىر سىز مېنىڭ چىن كۆڭلۈمدىن سۆزلەۋاتقانلىقىمغا ئىشەندىڭىز. ئۇنداقتا، ھېرموۋغا يەنىلا ئۆچمەنلىك قىلامسىز؟ — دېدى.

— بىلىشىڭىز كېرەككى، بىر ئادەم مېڭىشقا يول تاپالماي قالغاندا، ھەرقانداق ۋاستە قوللىنىشتىن يانمايدۇ.

— نېيىل، سىز بۇنداق قىلىش بىلەن نارانى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىدىغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟ بىز بىر ئامال قىلىپ ئىشنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىنى توسۇۋالايلى.

— ئاپلا، ئەمدى بولماسمىكىن، ئۇ خەتنى ھېرموۋ ئائىلىسىنىڭ خەت ساندۇقىغا سېلىۋەتكەنىدىم. بەلكىم ھېرموۋ ئاللىقاچان ئۇ خەتنى كۆرگەندۇ. ھازىر بارسام ئۇ خەتنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئۈلگۈرەلمەسمەنمىكىن.

— ئەمدى ئۈلگۈرەلمەيمىز. مېنىڭچە، ئۇ خەتنى قاي-تۇرۇپ كېلىشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— شۇنى دېمەكچىمەنكى، سۆيۈملۈكۈم، ئىككى-مىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شۇنچە يىللاردىن بۇيانقى خاتا چۈشەنچە بۈگۈن يېشىلدى. كۆز ئالدىمىزدىكى تۇمانلار تاراپ كەتتى. بىزگە ئەمدى يېڭى تۇرمۇش، يېڭى ئۈمىد تۇغۇلدى. مەن بۈنىڭدىن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قى-لىمەن! نېيىل، سىز ئۇ خەتنى خەت ساندۇقىغا سېلى-ۋەتكەن ئىكەنسىز، ئۇ خەتنى ئۇلار كۆرۈۋەرسۇن. ئۇلار ئەر ـ خوتۇنلار ئۆزئارا چۈشىنىشسۇن. چۈنكى، بۇ مەخپىيەتلىك ھامان ئاشكارىلىنىدۇ.

— بولىدۇ كرىستىنا، قالغان ئىشلارنى ئۆزۈم بې-جىرىۋېتەي.

— نېيىل، ئەمدى قايتىشىم كېرەك، مېنى ئۈزد-تىپ قويۇڭ.

— قايتىمسىز؟ نەگە قايتىسىز؟ ئەمدى مېنىڭ سىزدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغۇم يوق.

— نېيىل، مېنى نىكاھىڭىزغا ئېلىڭ....

كوللوخىستا شۇئان ئۇنى قۇچاقلىدى ۋە:

— شۇنداق، سىزنى ئەمرىمگە ئالىمەن، ئەمدى بىز ھەرگىز ئايرىلمايمىز، — دېدى.

*    *    *

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، نارا بىلەن ئاننا بالى-لارنى ئورۇنلاشتۇرماقچى بولدى. لېكىن باللار نارانى ھېكايە ئېيتىپ بېرىشكە قىستاپ تۇرۇۋالدى. نارا بىر چۆچەك كىتابىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇلارغا ئەمدىلا بىر ئابزاسنى ئوقۇپ بېرىپ تۇرۇشىغا، ھېرموۋ ناراغا تېز-رەك گىرىم قىلىشنى، پەستە ستېنبوۋېر كونسۇلنىڭ ئۆيىدىن تەكلىپ قىلغىلى كەلگەن خىزمەتكار پەستە ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى ئالدىراتتى.

ئاننا نارانىڭ ياسىنىشىغا ياردەملىشىۋېتىپ، تۆۋەن ئاۋازدا ئۇنىڭغا:

— نارا، سىز بىلەن ھېلىقى ئىككىمىز بويلۇق ئەپەن-دىنىڭ قىلمىشقان گەپلەرنىڭ ھەممىنى ئاڭلىدىم.... بىچارە بالام، بۇ ئەھۋالنى ھېرموۋ ئەپەندىگە قانداقمۇ دەرسىز؟ ئۇ بىلىپ قالسا، بۇ ئائىلىدە نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر؟ نارا، يېنىمدا ساقلاپ قويغان خېلى كۆپ پۇل بار. ئۇنىڭ بىر قىسمىنى دادىڭىز ماڭا كۇتۇنۇش پۇلى ھېسابىدا بەرگەن، يەنە بىر قىسمىنى قىزىم ئە-ۋەتكەن. لازىمى بولسا ھەممىنى سىزگە بېرەي. ھېلىقى ئادەمنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇۋېتىڭ. ھېرموۋ ئەپەندى بى-لىپ قالسا، بۇ ئىشنى مېنى قىلغان دەڭ، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان نارا تەسىرلەنگىنىدىن بۇ جا-ھاندا بارمۇ-يوقمۇ بولۇپ كەتتى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئاخىر بىر كۈنى باشقىلارنىڭ ئاغزىغا چىقىپ، تارقىلىپ كې-تىدىغانلىقىنى بىلەتتى. كرىستىنا كوللوخىستانى ئىزدەپ كەتتى. ئۇنىڭدىن ياخشى نەتىجە چىقمىشى ناتا-يىن، ئىشنىڭ ئاخىرى قانداق بولىدۇ، بۇنى پەرۋەردىگار ئۆزى بىلىدۇ. ئۇ ئەمدى يەنە ئويلاۋېرىشنى خالىمىدى. بەك بولمىغاندا، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن دەپ ئوي-لىدى.

— ئاننا، سىزنىڭ بىلگىنىڭىزمۇ ياخشى بوپتۇ. مەن ئۆزۈم قىلغان ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزۈم چىقىمەن. ناۋادا مەن جازاغا تارتىلىپ قالسام، مەن ئۇچۇن بولسىمۇ بالىلىرىمغا قاراپ قويسىڭىز....

— نارا، بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، يەنە ئامال قىلىپ باقايلى. ئاچقۇچنى ئوغرىلاپ چىقسام، خەتنى ئېلىۋالساق بولىدۇغۇ.

— ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ. ئاچقۇچنى توفا دائىم يېنىدا ئېسىپ يۈرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، خەتساندۇقىنىڭ ئاغزىنى قومۇراي.

— ئاننا، ئۇنداق قىلسىڭىز تېخىمۇ چاتاق بولىدۇ. توفا بۇنى ساقچىغا مەلۇم قىلىدۇ.

— ئۇنداق بولسا قانداق قىلىش كېرەك، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئىش چىقىپ قالسىچۇ؟...

— ئاننا، شىلەپەمنى كىيدۇرۇپ، پويزامنى چىگىتىپ قويۇڭە، ھە بولدى. ئەمدى قاراپ بېقىڭە، مەن يەنىلا چىرايلىقمىكەنمەن؟

— نارا، قۇلۇپچى ئۇستامنى تېپىپ كېلەيمۇ - يا؟

— بولدى، بەك كېچىكتۇق.

بۇ چاغدا بالىلار ناراغا ئەگىشىپ غەلۋە قىلىپ تۇرۇۋالدى، نارا ئۇلارنى ئالداپ ئاران ئۇخلاتتى. ھېرمووۋ بولسا، ئاللىبۇرۇنلا نارانى ساقلاپ تاقىتى تاق بولۇپ كۈتۈپ تۇراتتى.

بۇ ئادەتتىكىچە كۆڭۈل ئېچىش يىغىلىشى ئىدى. كونسول ستېپنبووۋېر ئەر - خوتۇن ھېرمووۋلارنى مېھمانخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئاندىن ئۇلارنى باشقا مېھمانلارغا بىر - بىرلەپ تونۇشتۇردى. رانكې دوختۇرنىڭ

نىمىشقا كەلمىگەنلىكىنى سورىشۇىدى، ھېرموۋ ئۇنىڭ مىجەزى يوق كېتىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.

مېھمانخانا چىراغ يورۇقىدا يورۇپ كەتكەنىدى. ئىككى ئەينەك ئىشكاپقا كونسۇل ئەپەندى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نادىر سەنئەت بۇيۇملىرى تىزىلغان، پولغا پارس گىلەملىرى سېلىنغانىدى. مېھمانخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا قاپقاقلىرى قارا سىرلانغان بىر پىئانىنو قويۇلغان بولۇپ، يان تەرەپتىكى تام مەشتە ئوت ئۇلۇغ كۆيۈۋاتاتتى. خىزمەتكارلار بولسا، مىلاد بايرىمى ئۈچۈن ئالاھىدە تەييارلانغان ئىچىملىك ۋە تورتلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشەتتى، ساھىبخانلار بولسا مېھمانلارنى ئۇنىڭغا تەكلىپ قىلاتتى.

سورۇن باشلاندى. كونسۇل ئەپەندى دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە چەت ئەللەردىكى يېڭىلىقلاردىن سۆزلەپ بەردى. ئۇ-نىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىككى قىزى قوش ئاۋازلىق ناخشا ئېيتتى. كىچىلىكتىكى ئەڭ ئېسىل ئويۇن يەنىلا نارا ئوينىغان يەرلىك ئۇسسۇل بولدى.

ھېرموۋ پىئانىنونى چېلىشقا باشلىشىغىلا، نارا ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇنىڭ جانلىق، نەپىس ھەرىكەتلىرى، جۇشقۇن داپ رىتىملىرى سورۇننى ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ، ئالقىش سادالىرى ياڭراپ كەتتى. ھېرموۋ چەكسىز مەمنۇنىيەت ئىلكىدە نارانى قولتۇقلىغىنىچە مېھمانخا-نىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى، ھارماي چاۋاك چېلىۋاتقان

مېھمانلارغا رەھمەتلەر ئېيتتى. ئاندىن ئۇستۇنكى قە-
ۋەتتىن چۈشۈپ، نارانىڭ قايتقۇسى يوقلۇقىغا قارىماي،
ئۇنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

ئۇلار مېھمانلىق كىيىمىنى سېلىۋەتكەندىن كې-
يىن، ھېرموۋ نارانىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ:

— مەن سىزنى نېمىشقا زورمۇزور قايتۇرۇپ كەل-
گەنلىكىمنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— سىز مېنىڭ چارچاپ كېتىشىمدىن ئەنسىرەپ
قايتۇرۇپ كەلدىڭىزغۇ دەيمەن.

— ياق نارا، مېنىڭ جەلپكار قونچىقىم، سىز
ھازىرلا ماڭا كېرەك....

— پاھ! قارالڭ سىزنى، خۇددى ياش يىگىتلەردەكلا
گەپ قىلىسىزغۇ؟

—شۇنداق نارا، بۈگۈن مەن يىگىتكە ئوخشاپ قال-
دىم. ستېنبوۋېرلارنىڭ ئۆيىدە مەن سىزگە تىكىلىپ
قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قال-
دىم. كۆزۈم سىزگە چۈشۈپ قالسىلا، ئالاقزادە بولۇپ
كەتتىم. كۆڭلۈمدە خۇددى بىز يوشۇرۇن مۇھەببەتلە-
شىپ، توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ بۇ تانسا كېچىلىكىگە
كەلگەندەك، بىزنىڭ بۇ مۇناسىۋىتىمىزنى ھېچكىم
بىلمەيدىغاندەك ھېس قىلىپ كەتتىم.

نارانىڭ خىيالى ئاللىقاياقلاردا بولسىمۇ، يالغاندىن
ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغانىدى.

ئۇنىڭ يېشىشۇەتكەن ئالتۇندەك سېرىق چاچلىرى يەلكە-سىگە چۇشۇپ تۇراتتى. ئۇ چوتكا تارغاق بىلەن ئالدى-رىماي چېچىنى تارىدى. تاقەتسىزلەنگەن ھېرموۋ بولسا، ھە دەپ ئۇنىڭ مۇرىسىنى سىلىماقتا ئىدى.

— توفا، بولدى قىلىڭ، ئۇنداق قىلماڭ، — دېدى نارا.

— ياق، مەن مۇشۇنداق قىلىمەن! ھېلى ستېنبو-ۋېرلارنىڭكىدە ئۇستۇنكى قەۋەتتىن چۇشكەندە، مۇرە ياغلىقىڭىزنى يالىڭاچ يەلكىڭىزگە ئارتىپ، بىر ئۇچىنى يۇمران بوينىڭىزغا يۆگەپ قويىمىدىمۇ، شۇ چاغدا بىز خۇددى يېڭى توي قىلىشۇاتقاندەك، سىز مەن ئالدىغان قىز بولۇپ، مەن تۇنجى قېتىم سىزنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك، ... تۇنجى قېتىم سىزگە شۇنداق يېقىن تۇرغاندەك، ... تۇنجى قېتىم سىزنىڭ يالىڭاچ بەدىنى-ڭىزنى كۆرۈۋاتقاندەك ... سىز ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندا، ئا-شۇ زىلۋا ئەۋرىشىم بويلىرىڭىزنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم تەلپۈنۈشتە، ئۆزۈمنى پەقەت بېسىۋالالماي قالدىم، شۇڭا سورۇندا ئاخىرغىچە ئولتۇرالماي سىزنى سۆرەپ كەلدىم. نارا، تېز بولسىڭىزچۇ، تاقىتىم تاق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، — ھېرموۋ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ چى-راغنى ئۆچۈرۈش ئۇچۇن بېرىۋىدى، ئۇستەل ئۇستىدە تۇرغان ئىسىم كارتىسىغا كۆزى چۇشۇپ قالدى، ئۇنى

قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ يەنە جايىغا تاشلاپ قويدى ـ دە، يەنە سۆزلەپ كەتتى، — بۇ ئاللانىي، نېمىشقا بۇنى كىتابخانامغا قويماي بۇ يەرگە قويۇپ قويغاندۇ؟

— كىمنىڭ ئىسىم كارتىسىكەن؟

— رانكىي دوختۇرنىڭ بولمامدۇ، ئىسمىنىڭ ئۇستىگە قارا كرېست بەلگىسى سىزىپ قويۇپتۇ. قاراڭە بۇ بەختسىزلىكنى، خۇددى ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئەۋەتكەندەك ئىش بوپتۇ.

— توفا، رانكىي دوختۇر هازىر بەك بىچارە، ھەقىقەتەن سىز دېگەندەك.

— نېمە؟ سىز بۇ ئىشنى بىلەمتىڭىز؟ ئۇ بۇ ئىشنى نېمە ئۈچۈن سىزگە دەيدۇ؟

— توفا، سىز بەك ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدىڭىز. بىر قېتىم ئۇ ئېھتىياتسىزلىقتىن ماڭا دەپ سالدى. ئەينى چاغدا مەنمۇ بۇ ئىشقا پەرۋا قىلماپتىمەن، دېگەنلىرىنىڭ راستلىقىنى ئويلاپمۇ قويماپتىمەن.

— ئۇنىڭ ئۇزۇن ياشىيالمايدىغانلىقىنى مەن بۇرۇنلا بىلەتتىم. لېكىن بۇنداق تېز بولۇپ كېتىشىنى ئويلىماپتىمەن. بىچارە! ئۇ خۇددى يارىلانغان جانىۋاردەك ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتتى.... ئۇ ياخشى ئادەم ئىدى، ئۆزىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى ساقلايدىغان ئادەم ئىدى. بۇ چاغقا كەلگەندە ئۇ ئۆزىنىڭ ئوسال ئەھۋالىنى باشقىلارغا كۆرسىتىشنى خالىماپتۇ ـ دە.

— بىر ئادەم ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغاندا، ئەڭ ياخشىسى ئۇن - تىنسىز، تىنچ كېتىشى، باشقىلارنى بىسەرەمجان قىلماسلىقى كېرەك، شۇنداقمۇ توفا؟

نارا بۇ گەپنى قىلغاندا چىرايى تاتىرىپ كەتكەندى، ھېرمىۋۇ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئاندىن ناراغا:

— نارا، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئۇ بىز بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كەتكەندى. شۇڭا ئۇنىڭ بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ كېتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. ئۇنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك، غېرىبانە تۇرمۇشى بىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا سېلىشتۇرغاندا، خۇددى قۇياش بىلەن بۇلۇتتەك، راھەت - پاراغەت بىلەن جاپا - مۇشەققەتتەك ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق يولنى تاللاشمۇ بەلكىم توغرىدۇ. ھېچبولمىغاندا، ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن شۇنداق. ھازىر پەقەت ئىككىمىزلا قالدۇق. بىر - بىرىمىزگە تېخىمۇ تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. نارا، سۆيۈملۈكۈم، مەن ئۆزۈمنى سىزگە يېتەرلىك كۆيۈنەلمەيۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. بىلەمسىزكى، سىزگە سىرتتىن بىرەر تەھدىت كەلمەكچى بولسا، ئۆزۈمنى پىدا قىلىپ، بارلىقىمنى قۇربان قىلىپ بولسىمۇ سىزنى قۇتقۇزۇشنى ھەر ۋاقىت قەلبىمگە پۈكۈپ كېلىۋاتىمەن.

نارا ھېرموۋنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن تەسىرلەندى. دەرۋەقە ئۇ ھازىر ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. مۇشۇ ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئېرى ھەقىقەتەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقالارمۇ؟ ئەگەر ئەھۋال مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشنى ھېرموۋدىن يوشۇرىدۇ؟ نارا مۇشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدىلا ئۆزىنى ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتىرىۋاتقان بۇ سىرنى دەۋەتكۈسى كەلدى. شۇڭا ئۇ نازۇكەرەشمە بىلەن ئۆزىنى ھېرموۋنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى ـ دە، چىرايلىق زەڭگەر كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھاياجان ئىلكىدە ئۈمىدلىك تىكىپ:

— ماڭا قاراڭە، توفا، مەن سىزگە ناھايىتى چوڭ بىر مەخپىيەتلىكنى ئېيتىپ بېرىمەن...، — دېدى.

ھېرموۋنىڭ مۇشۇ تاپتىكى كەيپىياتى ھاياجاندىن ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى ئون ياش ياشىرىپ قالغاندەك، ئون يىل ئىلگىرىكى يىگىتلىك ھالىتىگە قايتىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. قوينىدىكى بۇ ئايال دەل ئۇنىڭ ھاياتى، ئۇنىڭغا بەخت ئاتا قىلغۇچى. شۇڭا ئۇ ئېچىرقاپ سۆيۈش بىلەن نارانىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى. نارامۇ ئۇنىڭ قىزغىن ھېسسىياتىدىن لەرزىگە كەلگەن بولۇپ، ئىككىسى بىللە چەكسىز ھاياجان ئىلكىدە بەخت قوينىغا كىرىپ كەتتى.

نارا زىيادە جىددىيلىشىش ۋە ھاياجانلىنىشتىن بولسا كېرەك، قاتتىق چارچىغانىدى. شۇڭا ئۇ بىر

ئۇخلىغانچە لايدەك ئېزىلىپ ئۇخلاپ كەتتى. تاڭ ئېتىپ، كۈن چىققاندىمۇ ئۇ يەنىلا ئۇخلاۋاتاتتى.

ھېرمىۋۋ بولسا نارادىن بالدۇر ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ نارانىڭ لايدەك ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاخشام پەيز قىلىشقانلىقىنى ئويلىدى. كۆز ئالدىدىكى بۇ ئايالنى يېتەرلىك ھۆزۈرلاندۇرالمىغانلىقىدىن ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، پۇتىنىڭ ئۇ-چىدا دەسسەپ يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ساقىلىنى ئالدى. قارىماققا ئۇ بۈگۈن ناھايىتى روھلۇق كۆرۈنەتتى.

ئاننا بۈگۈن ئاخشام خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدى. ئۇ ھېرمىۋۋنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپلا خەت ساندۇقىنى ئېچىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ ھېرمىۋۋ خەت ساندۇقىنى ئاچ-قاندا، ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن بولۇپ، خەت ساندۇقىنى ئۆزى ئېچىشتەك بىر ئامالنى ئويلاپ تاپتى. شۇنداق قىلغاندا ھېلىقى نەس باسقۇر خەتنى يوشۇرۇپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ نارا خانقىزىنى قۇتقۇزۇپ قالالايتتى.

— ھېرمىۋۋ ئەپەندى، خەت-چەكلەرنى مەن ئەكى-رىپ بېرەيمۇ، بولمىسا سۇتىڭىز سوۋۇپ قالىدۇ، — دېدى ئاننا.

— ھېرمىۋۋ يېنىدىكى ئاچقۇچنى ئانناغا بېرىشكە تەمشەلدىيۇ، لېكىن ئارقىدىنلا بۇ ئويىدىن يېنىۋېلىپ:

— بولىدىلا، يەنىلا ئۆزۈم ئەكىرەي، — دېدى.

ھېرمونىڭ خەت ساندۇقى بار تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئانىنىڭ يۈرىكى مۇجۈلۈپ كەتتى. ھېرموۋ ئۇزۇن ھەپىلىشىپ، خەت ساندۇقىنى ئاران ئاچتى. ئىچىدە نۇرغۇن خەت - چەكلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەممىسىنىلا قامالاپ ئېلىۋېدى، ئارىسىدىن بىرنەرسە يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنى يەردىن ئېلىپ قاراپ، سۇنۇپ كەتكەن چاچ قىسقۇچقا ئوخشاش بىرنەرسە ئىكەنلىكىنى كۆردى.

— ئاننا، بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىڭ، بالىلار خەت ساندۇقىغا تەگمىسۇن، — دېدى ھېرموۋ.

ئاننا ئۇنىڭ سۆزىگە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، ئاخىرقى قېتىملىق تەۋەككۈلچىلىككە ئۆتتى. ئۇ ئېھتىياتسىزلىق قىلغان بولۇپ، ھېرموۋنىڭ قولىغا سوقۇلغانىدى، ئۇنىڭ قولىدىكى خەتلەر يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئاننا ئېڭىشىپ خەتلەرنى تەردى. ئۇ قولىنى ئەمدىلا ھېلىقى خەتكە ئاپارغانىدى، ھېرموۋ ئۇ خەتنى قولىغا ئېلىۋالدى - دە، شۇئان لىپاپىنىڭ ئاغزىنى يىرتىپ، خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا كىرىشتى. ئۇ خەتنى ئوقۇغانسېرى جىددىيلىشىپ، قوللىرى تىترەشكە باشلىدى. يۈزىنىڭ بۇلجۇڭ گۆشلىرى تارتىشىشقا باشلىدى.

— ئاھ، پەرۋەردىگارا! بالا ـ قازا بولىدىغان بولدى...،
— ئاننا قورقىنىدىن پەرۋەردىگارىغا ئىدا قىلغىنىچە
ئۇنىڭ يېنىدا مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇراتتى.

ھېرموۋ چىرايى تامدەك تاتارغان ھالدا ياتاق ئۆيگە ئېتىلىپ كىردى. نارا تېخى ئويغانمىغان، دېرىزىدىن كىرگەن سەھەرنىڭ ئىللىق ئاپتىپى ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا چۈشۈپ تۇراتتى. قارىماققا ئۇ خۇددى بىر ياتما نىلۇپەرگىلا ئوخشاپ قالغاندى. ھېرموۋ ئازابتىن كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ئۆزى بىلەن بىر ياستۇققا سەككىز يىلدىن ئارتۇق باش قويغان كۆز ئالدىدىكى بۇ ئايال — مۇشۇنداق بىر گۈزەللىك مەبۇدىسى — قانداقلارچە ئاشۇ رەزىل ئالدامچى بىلەن باغلىنىپ قالغاندۇ؟ لېكىن خەتتە «ئايالىڭىز دادىسىنىڭ ساختا ئىمزاسىنى ياساپ... 1200 يۈەن» دېگەن خەتلەر ناھايىتى ئېنىق يېزىلغاندى. باشقا بىر ئادەمدىن قەرز ئالغان بولسىمۇ خەيرىيەت، ئۆتۈپ ـ تېشىپ ئاشۇ كوللوخىستادىن ئاپتۇ. ئاشۇ روھىي ئەخلاقى چۈشكۈنلەشكەن بىر ئەر كىشىدىن پۇل قەرز ئاپتۇ!

نارا تۇيۇقسىز ئويغاندى. ئۇ بىر تولغىنىپ، بەللىرىنى رۇسلاپ، بىر ئەسنىۋالغاندىن كېيىن ئەمدى قوپاي دەپ تۇرىۋىدى، توساتتىن كۆز ئالدىدا ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ھېرموۋنى كۆردى. ئۇنىڭ چىرايلىرى تاتىرىپ كەتكەن، قولىدا بولسا خەت تۇراتتى. شۇئان ئۇ

كۆڭلىدە: «ئەمدى تۇگەشتىم، ئۆلىدىغان ۋاقتىم يېتىپ كەلدى!» دېگەنلەرنى ئويلىدى ـ دە، بىرىنچى بولۇپ ئۇ ـ رۇنغان ھەرىكەتتى قىچىپ چىقىپ ئۆلۈۋالماقچى بولدى. ئۇ يالاڭ ئاياغ ھالىتىچە سىرتقا قاراپ يۈگۈرۈۋىدى، ھېرموۋ قوپاللىق بىلەن ئۇنىڭغا ئېسىلدى.

— ماڭا ئېسىلماڭ! قويۇۋېتىڭ! مېنى چىقىپ كەتكىلى قويۇڭ!

ھېرموۋ ئۇنى كارىۋاتقا ئىتتىرىۋەتتى، ئاندىن ئۇ ـ رۇلۇپ بېرىپ ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكىنى تاقىۋالدى. خىلىدىن بېرى ئىشىكنىڭ سىرتىدا ئۆينىڭ ئىچىدىكى بولۇۋاتقان گەپلەرگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان ئانىنىڭ قورقىنىدىن، پەرۋەردىگاردىن مەدەت تىلىمەكتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى.

— دېمەك، بۇ راست ئىش ئىكەندە، ئۇنىڭ خەتتە ئېيتقان گەپلىرىنىڭ ھەممىسى راستمۇ؟ ... — سورىدى ھېرموۋ ئازابلانغان ھالدا.

— شۇنداق، ھەممىسى راست، لېكىن مەن سىزنى سۆيگەنلىكىم ئۈچۈنلا شۇنداق قىلدىم.

— مېنى سۆيگەنلىكىڭىز ئۈچۈن! ... شۇنىڭ ئۇ ـ چۈن يالغانچىلىق قىلدىڭىز! ئەگەر مۇھەببەتكە مۇ ـ شۇنداق يالغانچىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىغان ئىش بولسا، ئۆز ئىختىيارىم بىلەن پاھىشىنى قۇچاقلاپ يې ـ تىشقا رازىمەنكى، سەندەك بۇنداق خوتۇننى ئېلىشقا ھەرگىز رازى ئەمەس!

— مېنى توسماڭ، كەتكىلى قويۇڭ، ئۆزۈم قىلغان ئىشقا ئۆزۈم ئىگە، ھەرگىزمۇ سىزگە ئارتىپ قويمايمەن.

— سىزگە ئارتىپ قويمايمەن؟ سۆزلىمەككە نېمە دېگەن ئاسان — ھە! لېكىن مەن سىزنىڭ قانۇنلۇق ئېرىڭىز. قىلمىش — ئەتمىشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى بىۋاسىتە مېنىڭ ئابرۇيۇمغا بېرىپ تاقىلىدۇ. بۈگۈن مەن بىر چۈشتىن ئويغىنىپ ئېسىمنى تاپقاندەك بولدۇم! مۇشۇ سەككىز يىلدا ... مەن ئىنتايىن قانائەت ھاسىل قىلغان، ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئايال ... ئىككى يۈزلىمە، ساختىپەز بولۇپ چىقتى.... تېخى بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر.... بىر جىنايەتچى بولۇپ چىقتى! مەن ساختا ئىمزا ياساش جىنايىتىنى ئۆتكۈزگەن ئايالنىڭ ئېرى بولۇپ چىقتىم. بۇ نېمىدېگەن بىمەنىلىك — ھە!

نارا ئۈن — تىنسىز تۇراتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا بىرلا ئوي — ئۆلۈۋېلىش ئويى ھۆكۈم سۈرەتتى. ھېرمۇۋ بولسا ناراغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ، ئۆتكەن ئۆمرىگە پۇشايمان قىلىپ كۆز يېشى قىلىۋاتاتتى.

— ئەسلىدە مەن مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا بىلىشىم ۋە پەرەز قىلىشىم كېرەك ئىدى. دادىڭىز خالىغانچە بۇزۇپ — چېچىپ، بوينىغىچە قەرزگە بوغۇلۇپ يۈرىدىغان ناچار ئىللەتتىنى سىلەرگە ئۇدۇم قىلىپ قالدۇرۇپ كەتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئېتىقادسىز، ئەخلاقسىز،

مەسئۇلىيەتسىز قىلمىشلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە تەسىر قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ چاغلاردا مەن سىزنى سۆيگەنلىكىم ئۈچۈنلا دادىڭىزنىڭ قىلمىشلىرىغا چاپان يېپىپ، ئۇنى تۇرمە ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىدىم. بۈگۈنكى كۈندە شۇنىڭ جازاسىغا ئۇچراۋاتىمەن! سىز ... سىز دادىڭىزنىڭ ئورنىدا ماڭا مۇشۇنداق جاۋاب قايتۇرماقچىمۇ؟!

— توفا، ھەرقانداق ئىشقا قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. سىز مېنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن دادامنى ئەيىبلىمەسلىكىڭىز كېرەك. ئۇ سىزگە ھېچقانداق زىيان سالغىنى يوق.

— ئۇنىڭ مۇشۇنداق بىر قىز تاپقانلىقىنىڭ ئۆزىلا جىنايەتكە توشىدۇ! سىز مېنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك بەختىمنى خازان قىلىۋەتتىڭىز. ئىستىقبالىم چاڭگىلىڭىزدا نابۇت بولۇپ كەتتى. ئويلىسام، ئويلىسام، بۇ ئىشتىن قورقۇنچ ھېس قىلىۋاتىمەن! مېنى ھازىر كوللوخىستاغا ئوخشاش بىر ئەبلەخنىڭ چاڭگىلىغا تاشلاپ بەردىڭىز. ئەمدى ئۇ مېنى نېمە قىلغۇسى كەلسە، شۇنى قىلالايدۇ. ئۇ مېنى نېمە قىل دېسە شۇنى قىلماي ئىلاجىم يوق. مەن ھازىر ئۇنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قالدىم. تەقدىرىمنى قانداق ئورۇنلاشتۇرغۇسى كەلسە، ئۇ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ بىر

لۇكچەك مۇخبىر! قېنى كۆرەرمىز. بۈگۈندىن قالمايلا شەھەردىكى ھەممە ئادەم مەندەك بىر يېڭى دىرېكتورنىڭ خوتۇنىنىڭ، يەنى سىزنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى-ڭىزنى بىلىپ بولىدۇ. بارلىق قىلغۇلۇقنى بىر پەس-كەش خوتۇن قىلسا، بالا ـ قازاغا مەن قالىدىغان بولدۇم.

— ئۇنداقتا مېنى ئۆلگىلى قويۇڭ! ... نارا ھۆڭگۈ-رەك ئېتىپ يىغلاشقا باشلىدى.

— قۇرۇق گەپنى قىلماڭ. ئەينى چاغدا دادىڭىزمۇ مۇشۇنداق ئويۇن ئوينىغانىدى. خىيالىڭىزدا سىز ئۆل-سىڭىزلا ھەممە ئىش تۈگەمدۇ؟ ياق! بۇ ئىش ئوخشاشلا ئەتراپقا تارقىلىدۇ. ھەتتا جاھانغا پۇر كېتىشى مۇمكىن. كىشىلەر مېنى سىز بىلەن گېپى بىر، قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالماي، دىرېكتورلۇق ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، خوتۇنىنى ھالاكەت يولىغا مېڭىشقا قىستاپتۇ دېيىشىدۇ.... شۇنىڭ بىلەن مەن چوڭ ساختىپەز، ئە-شەددىي جاللات بولىمەن! سىز ئۆلۈۋېلىش ئارقىلىق مېنى مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قويماقچىمۇ؟

ھېرمۇۋۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، نارا ھەممىنى چۈشەندى. ئۇ ئىلگىرى مۇھەببەت ئۈچۈن قىلىشقا تې-گىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغانىدى. ئەمدى-لىكتە قانۇنىي مادىلارلا سۆزلىنىپ، ئىنسان پەزىلىتى سۆزلەنمەيدىغان بۇ جاھاندا ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنىڭ

قەبىھ جىنايەت بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، بۇ دۇنيا-دىن بىراقلا ئىخلاسى قايتتى. ئەمدى ئۇ نېمىمۇ قىلا-لىسۇن؟ ئۇ پەقەت توفاغا:

— توفا، ماڭا ئىشىنىڭ، مەن ھەرگىزمۇ سىزگە مەقسەتلىك زىيانكەشلىك قىلمىدىم. ئۇ چاغدا كېسە-لىڭىز ئېغىر ئىدى. دادامنىڭمۇ نەچچە كۈنلۈكى قال-غانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ھامىلىدار ئىدىم. شۇڭا مەن چارىسىزلىقتىن مۇشۇ يولغا ماڭدىم. ئەينى چاغدا مەن قەرزنى قايتۇرۇۋېتىسەملا، قەرز ھۆججىتىنى قولۇمغا ئېلىۋالىمەن، دەپ ئويلاپتىمەن. ئۇنى خىزمىتىمدىن بو-شىتىۋېتىسىڭىز، ئۇنىڭ سىزدىن بۇنداق ئۇسۇلدا ئۆچ ئالىدىغانلىقىنى مەن ھەرگىز ئويلاپ باقماپتىمەن، — دېدى.

ئۇلار ھەدەپ تالىشىۋاتاتتى. باللار بولسا ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئانىناغا ئېسىلىشىپ، دادىسى، ئاپىسى-نىڭ يېنىغا كىرىشنىڭ جېدىلىنى قىلىشتى. ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكى قۇلۇپلاقلىق ئىكەنلىكى ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. ئانىنانىڭ كاللىسىغا بىر خىيال كېلىپ، باللارغا ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكىنى قېقىشقا ئىما قىلدى.

نارا باللارنىڭ چاقىرىشقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ئېتىلىپ بارغىنىچە ئى-شىكنى. نارامۇ مەڭگۈلۈككە خوشلىشىۋاتقاندەك بال-لىرىنى زارىقىپ سۆيدى.

ياشانغان ئاننا بولسا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ ھېرمىۋۇغا:

— ئەپەندىم، مەن نارانى كىچىكىدىن بېقىپ چوڭ قىلغان، ئۇ ھەرگىزمۇ ئەسكى ئىش قىلمايدۇ. ئۇ سىزنىڭ كېسىلىڭىزنى داۋالىتىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىپتۇ. مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، نارانى كەچۈرۈڭ، بۇ يامان نامنى مەندەك بىر قېرى خوتۇنغا ئىتتىرىپ قويۇڭ، — دېدى.

ھېرمىۋۇ ئاننانىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، بۇمۇ بەلكىم بۇ پاراكەندىچىلىكتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلىدۇر، دەپ ئويلىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئاننا، بۇنداق ئويلاردا بولۇپ ئاۋارە بوپسىز، سىز باللارنى ھازىرلا سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كېتىڭ. مېنىڭ بۇ يەردە يەنە قىلىدىغان ئىشىم بار، — دېدى.

ئاننا باللارنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ھېرمىۋۇ ئىشىكنى قايتىدىن تاقىدى-دە، ئۆيىنىڭ ئىچىدە توختىماي ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئىش مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەنىكەن، بىرەر ئامال قىلماي بولمايدۇ. مەن ئالدى بىلەن كوللوخىستا بىلەن سۆزلىشىپ، بۇ ئىشنى داۋاملىق قىلمۇېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ تۇراي. يەنە بىر ئىش، ئىككىمىز كۆرۈنۈشتە يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئەر-خوتۇنلاردەك ئۆتۈپ تۇرىمىز. بۇ

پەقەت بىر شەكىل، لېكىن ... لېكىن، باللارنى سىز-دىن ئايرىۋېتىمەن.

— نېمىشقا ئۇنداق قىلىسىز؟ باللارنى مەن تۇغ-قانغۇ؟

— ئۆزىڭىزنىڭ ۋە دادىڭىزنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بېقىڭ. ئۇ ئۆزىنىڭ يامان ئىللىتىنى سىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن. سىزنىڭمۇ ئۆزىڭىزنىڭ يامان ئىللىتىنى با-لىلىرىمغا يۇقتۇرۇپ قويۇشىڭىزدىن ئەنسىرەيمەن. مې-نىڭ دېگىنىمدەك بولسۇن، سىزگە بۇنداق مۇئامىلە قىلىشقا مېنىڭ كۆڭلۇمنى پاراكەندە بولمايدۇ دەمسىز. سىزنى ئىزچىل تۇردە سۆيۈپ كېلىۋاتسام، لېكىن ها-زىر ... لېكىن رېئاللىق رەھىمسىز بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ بۇ ئائىلىمىزدىن ئەمدى بەخت دېگەن-لەردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. هازىر بولسا، بىز دۇچ كەلگەن بۇ ئەھۋالدىن قانداق قۇتۇلۇش، ئۇنى قانداق يوشۇرۇش، تاپتىن چىققان بۇ ئائىلىنىڭ هازىرقى ها-لىتىنى قانداق ئوڭشاشلا قالدى.

هېرموۋ ئاللاننى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا نارانىڭ مىجەزى-نىڭ يوقلۇقىنى، ئۆزى قايتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنى بىنادىن چۇشۇرمەسلىكىنى، باللار بىلەن ئارىلاش-تۇرماسلىقىنى ئېيتىۋىدى، ئاللان ھەممىنى بەجا كەلتۇردى-غانلىقىنى ئېيتتى.

* * *

رەتلىك ياسانغان ھېرموۋ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقىنىدا، كۆز ئالدىدىكى كۆرۈنۈشتىن ھاڭ ـ تاڭ قالدى. كوللوخىستا بىلەن لىندان خانىم بىر خىلدا قولتۇقلىشىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتاتتى. نېمە؟ بۇ ئىشنى ئۇلار ئىككىسى تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ قىلغان ئوخشىمامدۇ؟ بىللە قىلتاق قۇرۇپ، مېنى ئۇنىڭغا ئىلىندۇرۇپتۇدە، دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ ئاقىل ساختىپەز ۋە ئۇنىڭدەك ئۇچىغا چىققان ئەخمەق بولامدۇ؟! ھېرموۋ كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ غەلىتە ئىشلارغا تونجى بولۇپ مۇشۇنداق ئىنكاستا بولدى. ئۇ ئاشۇنداق خىياللار ئىلكىدە گاڭگىراپ تۇراتتى، ئۇلار ئىككىسى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— سىلەرنىڭ ... بۇ كېلىشىڭلار...

— بىز سىزگە رەھمەت ئېيتقىلى كەلدۇق، ھېرموۋ ئەپەندى، — دېدى لىندان خانىم.

— سىلەر؟ رەھمەت ئېيتقىلى؟ تەشەككۈر، تەشەككۈر! كوللوخىستا ئەپەندى، بىزنىڭ ياخشىراق بىر سۆھبەتلىشىشىمىز مۇھىم بولۇپ قالغاندى. ئەڭ ياخشىسى، ئىككىمىز خالىي پاراڭلاشساق، بۇ خانىم ئاۋۋال ماڭغاچ تۇرسۇن، — دېدى ھېرموۋ.

— بولىدۇ، مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ تۇراتتىم. بىز ساۋاقداش ۋاقتىمىزدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر ئون نەچچە يىل ئارىلىشىپ كەلدۇق. لېكىن سىزمۇ، مەنمۇ قارشى تەرەپنى چۈشەنمەي كەلگەنلىكىمىز ئېپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى. لېكىن ھازىر سىز بىلەن سۆزلىشىشكە ۋاقتىم يوق. كرىستىنا بىلەن بىللە چېركاۋغا بېرىشىم كېرەك.

— چېركاۋغا بارامسىلەر؟

— شۇنداق، ھېرموۋ ئەپەندى، بىز چېركاۋغا بارىمىز. مەندە سىزگە بېرىدىغان ئىككى پارچە خەت بار، ئۇنىڭ بىرى سىزنىڭ، بىرى نارانىڭ. سىزگە تېگىشلىك خەتنى كۆرسىڭىز ھەممە ئىشنى چۈشىنىسىز، — لىندان خانىم سۆزىنى تۈگىتىپ، سومكىسىدىن ئىككى پارچە خەتنى ئېلىپ ھېرموۋغا بەردى.

— بىزگە بەخت تىلىگىن توفا، خەير - خوش، — كوللوخىستا خوشلىشىپ، لىندان خانىمنى قولتۇقلىغىنىچە كېتىپ قالدى.

ھېرموۋ ھاڭۋاقىنىچە بوسۇغىدىلا بىرپەس تۇرۇپ قالدى. ئاندىن تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن خەتنى ئېچىپ بىرنەچچە قۇرغا كۆز يۈگۈرتتى - دە، ھاياجاندىن چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتتى. شۇئان پەلەمپەيدىن ئىككى - ئۈچ بالداقنى بىر ئاتلاپ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ ياتاق ئۆيگە ئېتىلىپ كىردى - دە، ناراغا قاراپ ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان يىغىسىنى ئاران بېسىۋېلىپ

دېدى:

— نارا، نارا، سۆيۈملۈكۈم، بىز قۇتۇلۇپ قالدۇق. بىزگە ئەمدى ھېچ ئىش بولمايدۇ،... — ئۇ ئۇدۇل بارغىنىچە كارىۋاتقا ئۆزىنى ئېتىپ، دۈم يېتىپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. لېكىن ئۇ دەرھال يىغىسىنى توختىتىپ، خۇشاللىقىدىن ھاياجانلىنىپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە يەنە سۆزلەپ كەتتى:

— شۇنداق، بىزگە ھېچ ئىش بولمايدۇ، ھەر ئىككىمىزگە ھېچ ئىش بولمايدۇ. نارا، قاراڭە، ئۇ قەرز ھۆججىتىنى سىزگە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. ئۇ خېتىدە، قىلغان ئىشىغا سىزدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ، سىزنىڭ ئەپۇ قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئۇ خېتىدە يەنە مۇشۇ ئىش بىلەن ئۆزىگە ئامەت كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ تېخى. ئۇنىڭ ئامىتى بىلەن بىزنىڭ كارىمىز نېمە نارا، ھەقىقەتەن مۆجىزە يۈز بەردى!

نارا ئۇلۇغ بىر تىنىدى، ئاندىن ھېرموۋنىڭ گېپىگە جاۋابەن:

— ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى، چىرايىدا بولسا، نە ھاياجان، نە ئۆكۈنۈشتىن ئەسەر يوق ئىدى.

— شۇنداق، ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى! نارا! سىز نېمىشقا بۇنىڭغا خۇش بولمايسىز؟ مەن چۈشەندىم، سىزنىڭچە، مەن تېخى سىزنى كەچۈرمىدىم، شۇنداقمۇ؟ نارا، قەسەم قىلىپ بېرىمەنكى، مەن سىزنى ئاللىقاچان

كەچۇرۇۋەتتىم. سىزنىڭ بۇ ئىشلارنى مېنى دەپ قىلـ-غانلىقىڭىزنى پۈتۈنلەي بىلىپ يەتتىم. كېسىلىمنىڭ ساقىيىشى تامامەن سىزنىڭ تۆھپىڭىز.

— شۇنداقمۇ؟ سىز مۇشۇنداق ئويلامسىز؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق ئويلايمەن. سىز، بىر ئايال ئېرىنى قانداق سۆيۈشكە تېگىشلىك بولسا، مېنى شۇنداق سۆيىسىز. سىزدە پەقەت تەجرىبە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇسۇلدا كەتكۈزۈپ قويدىڭىز، لېكىن ھازىر ھېچ ئىش يوق. بۇنىڭلىق بىلەن مەن سىزنى تاشلىـ-ۋەتمەيمەن. ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلمايمەن! سىز پەقەت چىن كۆڭلىڭىزدىن ماڭا تايانسىڭىزلا، مەن سىزگە يول كۆرسىتىمەن، سىزنى تەربىيىلەيمەن. نارا، مەن سىز-نىڭ سەبىي، غەرەزسىز قىز ئىكەنلىكىڭىزنى ياخشى كۆرىمەن. جەمئىيەتتىكى ئىشلاردىن بىخەۋەر تۇرىدىغاـ-لىقىڭىز ئۈچۈنلا، مەن سىزنى ئادەتتىن تاشقىرى سۆ-يىمەن. ئۇنداق بولمىسا، مەن قانداقمۇ ھەقىقىي ئەر-لەردىن بولالايمەن؟ ناخشا ئېيتالايدىغان تومۇچۇقۇمنى قانداقمۇ قوغدىيالايمەن؟! ھېلى مەن خۇددى ئاسمان گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەندەك بولۇپ قورققان ھەم ساراسىـ-مىگە چۈشۈپ قالغانىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە بەزى قوپال گەپلەرنى قىلىپ سالدىم. ئۇنى ھەرگىزمۇ كۆڭ-لىڭىزگە ئالماڭ، نارا، مەن سىزنى ئاللىقاچان كەچۈ-رۇۋەتتىم. قەسەم قىلىمەنكى، ئەمدى سىزدىن ھەرگىز ئاغرىنمايمەن.

— توفا، مەن چارچاپ قالدىم. مېنى بىردەم يالغۇز قويسىڭىز.

— بولىدۇ، بولىدۇ، مېنىڭ ئۈركۈگەك قۇشقىچىم، ھەرگىز قورقماڭ، ياخشى ئارام ئېلىپ كۆڭلىڭىزنى تىنچلاندۇرۇڭ، خاتىرجەم بولۇڭكى، ھەرقانداق ئىش بولسا مەن بار. قانىتىم كەڭ، سىزنى پاناھىمغا ئالالاي-مەن. بىزنىڭ ئائىلىمىز نېمىدېگەن ئىللىق، نېمىدېگەن بەختلىك ئائىلە-ھە! سىز بۇ ئائىلىدە ئىنتايىن بىخەتەر. مەن سىزنى قوغدىيالايمەن. خۇددى بۇركۇتنىڭ چاڭگىلىدىن كەپتەرنىڭ باچكىسىنى قۇ-تۇلدۇرۇپ چىقىپ قوغدىغاندەك قوغدايمەن. بىر ئەر كىشى ئۆزىنىڭ ئايالىنىڭ قىلمىشىنى كەچۈرۈۋەت-سە، ... ھەقىقىي تۇردە كەچۈرۈۋەتسە، ... كۆڭلى-كۆك-سىدىن چىقىرىپ كەچۈرۈۋەتسە، ... ئەر كىشىنىڭ قەل-بى سۆزلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلغۇدەك دەرىجىدە شاد-لىنىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ خوتۇنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىدەك بىلىنىدۇ. خوتۇنى بولغۇچىمۇ خۇددى قايتىدىن دۇنياغا كەلگەندەك ھەمدە ئېرىنىڭ خاس خوتۇنىلا ئەمەس، بەلكى بالىسىدەك بولۇپ قالىدۇ. دېمەك، سىز بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ بالام بولدىڭىز. قاراڭە سىزنى، مېنىڭ قورقۇنچاق بىچارە قوزام، بولدى، ئەمدى ياخشى ئارام ئېلىڭ. ئاللانىغا ئېيتىپ قويالاي، ئۇ

سىزگە يەيدىغان نەرسە ئەكىرىپ بەرسۇن، مەن خىز-مەتكە بارىمەن. قايتىپ كېلىشىمدە سىزگە مېغىز پى-رەنىك ئالغاچ كېلەي، تازا بىر يەۋېلىڭ، ھە راست، بۇ يەردە لىندان خانىمنىڭ، ياق، ئۇنى بەلكىم كوللوخىستا خانىم دېيىش كېرەكتۇ. سىزگە بەرگەن خېتى بار. ئالدىرىماي ئوقارسىز،— ھېرموۋ كېيىنى تۈگىتىپ، دادىل قەدەملەر بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

نارا بۇنىڭلىق بىلەن خۇش بولۇپ كەتمىدى. بالا-قازا ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ يۈرىكى پۇچۇلغا-نىدى. ئەمدى ئېرى ۋە بۇ ئائىلە ئۇنىڭغا يات تۇيۇلماقتا ئىدى.

نارا كرىستىنانىڭ خېتىنى ئېچىپ، ئۇنى ئوقۇشقا باشلىدى:

*«سۆيۈملۈكۈم نارا:*

*سەن مېنىڭ خېتىمنى كۆرۈشكە باشلىغاندا، مەن كوللوخىستانىڭ خوتۇنىغا ئايلىنىپ بولىمەن. بىز تۇرمۇشنىڭ تۈگمەنلىرىدىن تاسقىلىپ چىقىپ، يەنە بىر-بىرىمىزنى سۆيۈشتۇق. ئۆزئارا چۈشىنىشتۇق. ھېچكىم ھېچكىمدىن ئاغرىنماي، يېڭى تۇرمۇشىمىزنى باشلىۋەتتۇق.*

*ئۆتكەن ئىشلار ئۆتۈپ كەتسۇن، سىلەر ئەر-خو-تۇنلارمۇ بىر-بىرىڭلارنى چۈشىنىڭلار.»*

«توفا مېنى چۈشىنەمدۇ؟ مەن توفانى چۈشىنەمدى-مەن؟» نارا بۇلارنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ كىچىك

ۋاقتىدىن باشلاپلا دادىسىنىڭ ئىتائەتمەن قىزى ئىدى. ھەرقانداق ئىشتا دادىسىنىڭ بۇيرۇغىنىنى قىلاتتى. توي قىلغاندىن كېيىن ھېرموۋنىڭ ئىتائەتمەن جانجىگىرىگە ئايلاندى. ئۇ ئۆمرىدە پەقەت مۇشۇ بىر قېتىملا ئۆز ئارزۇسى بويىچە، ئالىيجاناب، خۇشاللىنارلىق بىر ئىشنى قىلىپ بېقىۋىدى، شۇنچە كۆپ ئاۋارىچىلىكلەر تۇغۇلدى. كرىستىنانىڭ مۇھەببىتى كوللوغىستانى تەسىرلەندۇرۇپ، ئۇنى بۇ قېتىمقى ئۆچ ئېلىشتىن ۋاز كەچتۇرۇپتۇ. ئەگەر كرىستىنا بولمىغان بولسىچۇ؟ نارا بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. كرىستىنانىڭ مۇھەببىتى بولمىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ — نارا بۇ ئائىلىگە تىكلەپ قويغان مودېل، جاۋەنگە تىزىپ قويغان ئويۇنچۇققا ئوخشاپ قالاتتى. ئۇنى بالىلىرىغىمۇ ئىگە قىلمىسا! ئۇنىڭ بۇنداق ياشىشىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ شۇ تاپتا ئۇ ھېلىلا ئۆتۈپ كەتكەن بوران ـ چاپقۇننى ئەسلەپ، قەلبىدىكى بارلىق گۈزەل نەرسىلەرنى، ئارزۇ ـ ئارمانلارنى مۇشۇ جۇدۇن ـ چاپقۇنلار ئۇچۇرتۇپ، روھىي دۇنياسىنى قۇپقۇرۇق قىلىپ قويغاندەك ھېس قىلدى. سەككىز يىل سۆيگەن ئېرى ئۇنى بىر پەسكەش خوتۇن قاتارىدا كۆردى، ھەتتا ئۇنىڭ دادىسىنىمۇ قوشۇپ ھاقارەتلىدى. ئۇ قانداق پەسكەش ئىشلارنى قىپتۇ؟ ئۇ پەقەت مۇشۇ ئائىلە، ئۆزىنىڭ ئېرى ئۈچۈن شۇنداق قىلغانىدىغۇ! ئۇ ئەمدىلا

چۈشەندىكى، مەيلى ئۇ ھەرقانداق ئىش قىلمىسۇن، قىلغان ئىشىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانسۇن ياكى مەغلۇپ بولسۇن، ھەممە ئىشتا ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلماسلىقى، ھەممە ئىشتا ھېرموۋنىڭ ئاغزىغا قارىشى كېرەككەن. چۈنكى ئۇ دېگەن بىر ئايال، باشقىلارنىڭ خوتۇنى، ئېرىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى!

ئاننا سىرتتا تۇرۇپ جېدەلنىڭ بېسىقىپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، خۇشاللىقىدا بالىلارنى ئەگەشتۈرۈپ ياتاق ئۆيگە كىردى. بالىلار نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇلار ئاۋۋالقىدەكلا قىزغىن ھالدا ئانىسىغا ئېسىلىشتى. نارا بالىلىرىغا قاراپ تاراملاپ ياش تۆكۈشكە باشلىدى، ئاننا ئۇنىڭغا:

— نارا، بولدى قىلىڭ، ئازابلانماڭ، بالىلار ھازىر يېنىڭىزدىغۇ، ئۇلار سىزدىن ھەرگىزمۇ ئايرىلمايدۇ، — دېدى.

— ئاننا، دەپ بېقىڭچۇ، ئايالالار زادى نېمىگە ھېساب؟

— ھەممە ئىش پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولىدۇ، بىز ھېچنېمىگە قادىر ئەمەس.

— ئاننا، مەن ئەسلىدە مۇشۇ ئىش سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن دەپ ئويلىغانىدىم. ھازىر ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كېتىپ، ئەسلىي ھالىتىگە قايتتى. لېكىن بۇ ئىش يۈرىكىمنى تىلىپ، ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ قويدى. مەن ئەمدى بۇ ئائىلىدە ئىلگىرىكىدەك

ياشىيالمايمەن.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ سىز بۇ ئائىلىدىن، بالىلاردىن ئايرىلىپ كەتمەكچىمۇ؟

— بۇنى ئۇقمايمەن، لېكىن كۆڭلۈم سوۋۇپ كەتتى.

— نارا، تېخى ئاچچىقىڭىز يانماپتۇدە!؟ بالىلىرىم، ئاپائىلار چارچاپ كېتىپتۇ، بىز سىرتقا چىقىپ ئوينايلى. ئۇ ياخشى ئارام ئېلىۋالسۇن.

ئاننا بالىلارنى يېتىلەپ سىرتقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، نارا كرىستىنانىڭ خېتىنى مەشكە سېلىپ كۆيدۈرۈۋەتتى. باش ـ كۆزىنى يۇيۇپ ـ تارىغاندىن كېيىن، سەپەردە ئىشلىتىدىغان بىر چامادانىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭغا بىرقانچە قۇر كىيىمىنى رەتلەپ سالدى. ئاندىن ھېلى ئاللان ئەكىرگەن سۈتتىن نەچچە يۇتۇم ئوتلىدى ـ دە، ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ، ھېرمىۋۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتتى.

بىر سائەتلەردىن كېيىن ھېرمىۋۇ ئۆيگە روھى كۆتۈرەڭگۈ ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇ چولڭ بىر بولاق مېغىز پىرەنىك ئالغاچ كەلگەنىدى.

— نارا، تاتلىقلا ئامراق تىيىنچىقىم، قاراڭە، مەن سىزگە نېمە ئېلىپ كەپتىمەن؟

— توفا، ۋاقتىڭىز بارمۇ؟ ئولتۇرۇڭە، بىز بەزى ئىشلار توغرىسىدا ئوبدانراق بىر پاراڭلىشىۋالايلى.

— نارا، سىزگە نېمە بولدى، مەن بىلەن ئالاھىدە پاراڭلاشماقچىمۇ؟ بىز كۆنسلا پاراڭلىشىمىزغۇ؟ ھەقىقەتەنمۇ سىزنى بارغانچە چۈشىنەلمەي قېلىۋاتىمەن.

— بۇ گېپىڭىزمۇ ناھايىتى توغرا بولدى. مەنمۇ سىزنى پەقەت بۈگۈن ئەتىگەنلا چۈشەندىم. گېپىمنى بۆلمەڭ، ئاخىرىنى دېگىلى قويۇڭ. توفا، بىزنىڭ ھەقىقىي تۇردە ھېساب ـ كىتاب قىلىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى.

— نارا، ئاشۇ ئاددىي كاللىڭىزدا نېمىلەرنى ئويلاي- دىغانسىز؟!

ئاللان ئىككى ئىستاكان قەھۋە ئەكىرگەندى، ھېر- موۋ ئۇنىڭغا پېچىنىدىن بالىلارغىمۇ ئازراق ئاچىقىپ بېرىشنى ئېيتتى. ئاندىن ئۆزى قەھۋەدىن ئوتلىغاچ، بىر تال پېچىنىنى ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇ كۆرەڭلەرچە ئىككى پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، نارانىڭ گۈزەل قەددى ـ قامىتىدىن ھۇزۇرلانماقتا ئىدى. ئۇنىڭچە نارا خۇيلانغاق بولۇپ، پەرۋا قىلىپ كەتمىسىمۇ بولاتتى.

— بىز توي قىلغىلى سەككىز يىل بولدى. بۇ قېتىمقىسى بىز ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ تۇنجى قېتىم رەسمىي يوسۇندا ئولتۇرۇپ پاراڭلىششىمىز ئىكەنلى- كىنى ھېس قىلمايۋاتامسىز؟ — سورىدى نارا.

— رەسمىي يوسۇندا، رەسمىي يوسۇندىكى ئىشلار-

نىڭ سىز بىلەن نېمە ئالاقىسى؟

— مەسىلە دەل مۇشۇ يەردە، سىز ئەزەلدىن مېنى چۈشىنىپ باقمىغان. مەن دەسلەپتە دادامنىڭ قولىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن سىزنىڭ قولىڭىزدا بولۇشىمچە ئۇۋال-چىلىقتا ياشىدىم.


بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ھېرموۋنىڭ كۆزلىرى چەك-چىيىپ كەتتى. ئۇ سوغۇق تەلەپپۇزدا نارادىن:

— بۇ قانداق گەپ؟ دادىڭىزمۇ، مەنمۇ سىزنى شۇنچە قەدىرلىدۇق. كۆڭلىرىم ئۇۋالچىلىقتا ئۆتتى دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ ھەرگىزمۇ ھەقىقىي قەدىرلەش ئەمەس، سىلەرنىڭ مېنى قەدىرلىشىڭلار ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدى-غان ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

— نارا، نېمە دەۋاتىسىز؟ بۇنداق گەپلەرنى نەدىن ئۆگەندىڭىز؟

— بۇ مېنىڭ راست گېپىم، دادامنىڭ قولىدىكى ۋاقتىمدا ئۇ نېمە قىل دېسە مەن شۇنى قىلىشقا مەج-بۇر ئىدىم. كۆڭلۈمدە ئۇ ئىشنى قىلىشنى خالىمى-ساممۇ، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن گېپىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر ئىدىم. قىسقىسى، مەن ئۇنىڭ «لاي قونچاق بالىسى» ئىدىم. بىز توي قىلغاندىن كېيىن، بۇ «لاي قونچاق بالا» سىزنىڭ قولىڭىزغا ئۆتتى. ھەرقانداق ئىشنى سىز ئورۇنلاشتۇرىسىز، سىز



نېمىنى سۆيسىڭىز، مەنمۇ شۇنى سۆيۈشۈم كېرەك يا-
كى يالغاندىن بولسىمۇ شۇنداق قىلىشىم كېرەك. لې-
كىن مەن نېمىنى سۆيىمەن، نېمە ئىشلارنى قىلىشنى
ئويلايمەن، سىز ھېچقاچان بۇنى مەندىن سوراپ باقماي-
سىز. ئەمدى ئەسلىسەم، شۇنچە يىللارنى تىلەمچىدەك
ئۆتكۈزۈپتىمەن. بەرسىڭىز يەپتىمەن، ئېلىپ بەرسىڭىز
كىيىپتىمەن. كۆڭلىڭىزنى ئېچىپ قويۇش ھېسابىغا
سىزدىن چارشەنبىلىك، پەيشەنبىلىك پۇل ئېلىپ
خەجلەپتىمەن، سىلەر مېنى مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ
قويۇپسىلەر!

— نارا، سىز نېمىشقا بۇنداق يولسىزلىق قىلى-
سىز، سىز بۇ ئائىلىدە بەختىيار ئەمەسمۇ؟

— ئىلگىرى ئۆزۈمنى بەختىيار ھېس قىلغان ئې-
كەنمەن، ھازىر ئويلىسام تامامەن ئۇنداق ئەكسىچە ئىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھېرموۋ ئېپسۇس ئىچىدە بېشى-
نى چايقىدى، كۆڭلىدە بولسا ئاياللار ھەقىقەتەنمۇ غەيرىي
مەخلۇقكەن. بۇنچە كۆپ بولمىغۇر خىياللار ئۇنىڭ كا-
لىسىغا نەدىن پەيدا بولغاندۇ، دېگەنلەرنى ئويلىدى.

— مېنىڭ بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ، ئېيتىپ بېقىڭە،
سىز بۇ ئائىلىدىن نېمە ئۈچۈن خۇرسەن ئەمەس؟ — سو-
رىدى ھېرموۋ.

— بىزنىڭ ئائىلىمىز بىر ئويۇنچۇق سورۇنى، مەن
بۇ ئائىلىدە «لاي قونچاق خوتۇن»، باللىرىمۇ مېنىڭ لاي

قونچاقلىرىم، سىز ماڭا ئەرمەك بولۇپ، مەن بالىلارغا ئەرمەك بولۇپ ئۆتىمىز، بۇنىڭدىن ھەممىمىز رازى.

شۇنداق توفا، مانا بۇ بىزنىڭ ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشىمىز، شۇنداقلا مەن ئۆزۈمنى بەختىيار ئەمەس دېيىشىمنىڭ سەۋەبى.

— بىر ئائىلىدە بۇنداق ئىشلار كەم بولسا بولمايدۇ، تەربىيە دېيىلگەن نەرسىمۇ بولىدۇ.

— كىمگە قىلىدىغان تەربىيە؟ ماڭا قىلىدىغان تەربىيىمۇ ياكى بالىلارغا قىلىدىغان تەربىيىمۇ؟

— ھەر ئىككىلىسىلا بار.

— سىزلا تەربىيىلەمسىز ياكى مەنمۇ تەربىيىلەيمەيمۇ؟ سىز مېنىڭ تەربىيىلىشىمگە ماسلاشمىسىڭىز، مەن قانداق قىلىپ ياخشى خوتۇن بولىمەن. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئەمدى مەن بالىلارنى تەربىيىلەش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدىم.

— نارا، سىز يولسىزلىقتا بارغانچە ھەددىڭىزدىن ئېشىپ كېتىۋاتىسىز!

— سىز ھېلىلا تېخى بالىلارنى سىزگە تاپشۇرۇشتىن ئەنسىرەيمەن دېدىڭىزغۇ؟

— ئۇ ئاچچىقىمدا قىلىنغان گەپلەر، سىز ئۇ گەپكە بەك ئېسىلىۋالماڭ.

— توفا، ئەمەلىيەتكە يۈزلەنسەك، گېپىڭىزنىڭ خاتا يېرى يوق، مەن بالىلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئالدى

بىلەن ئۆزۈمنى تەربىيىلىشىم كېرەك. لېكىن بۈگۈنكى ئىشتىن سىزنىڭ مېنى چۈشەنمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلدىم، شۇنداق ئىكەن، تەربىيىلەش جەھەتتە سىزنىڭ ماڭا ياردەم قىلىش سالاھىيىتىڭىز يوق. بۇنىڭ يولىنى ئۆزۈم قىلىشىم كېرەك. شۇڭا ... شۇڭا مەن ھازىرلا سىزدىن ئايرىلىپ كەتمەكچى.

ھېرموۋ دەسلەپتە نارانىڭ گەپلىرىگە ئانچە پەرۋا قىلمىغانىدى، ئايرىلىشنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ بىردىنلا ۋارقىراپ سەكرەپ كەتتى:

— سىز نېمە دەۋاتىسىز؟!

— مەن ئۆزۈمنى ۋە ئۆزۈم تۇرغان مۇھىتنى چۈشەنمەكچى. بۇنىڭ ئۈچۈن تۇرمۇشۇمنى ئۆزۈم يالغۇز ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك. شۇڭا بۇ ئائىلىدە داۋاملىق تۇرۇۋەرسەم بولمايدۇ.... باشقا گېپىڭىز بولمىسا مەن ھازىرلا ماڭىمەن.

— نارا، ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟! مەن سىزنى قويۇۋەتمەيمەن! كەتسىڭىز بولمايدۇ!!

— ئەمدى مېنى قويۇۋەتمەيمۇ ئامالىڭىز يوق، ئىلگىرىمۇ سىزنىڭ رۇخسىتىڭىزسىز، ئۆز خاھىشىم بويىچە ئۇ ئىشلارنى قىلغانىدىم، گەرچە ئۇ ئىش مېنىڭ ئۆلۈشۈمگە سەۋەبچى بولۇشقا تاسلا قالغان بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە مېنى غەپلەتتىن ئويغاتتى، قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈش كېرەكلىكىنى ماڭا ئېيتىپ بەردى، مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ نەرسىلىرىنىلا ئالىمەن، سىزنىڭ

نەرسىلىرىڭىزنىڭ كېرىكى يوق، ھازىرمۇ، كېيىنمۇ مال ـ مۈلۈك تالاشمايمەن.

«بۇ خوتۇن سارالڭ بولۇپ قاپتۇ، پۇتۇنلەي ئەقلىدىن ئېزىپتۇ. ئۇنىڭغا بەك قاتتىق تېگىۋەتكەن ئوخشايمەن، ئەمدى يۇمشاقراق گەپ قىلىپ ئۇنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەي.» ھېرمىۋۇ مۇشۇلارنى ئويلىدى ـ دە:

— ھەي نارا، سىز مۇشۇنداق تەجرىبىسىز ھالەتتە، يالغۇز قانداق تۇرمۇش كەچۈرىسىز؟ سىرتلاردا جاپا چېكىپ قالىدىغانلىقىڭىزنى ئويلىسام، يۈرىكىم پۇچۇلانماي تۇرالايمەنمۇ؟ باللار قانداق قىلىدۇ؟ ئۇلارغا ئانا بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ ئائىلىڭىزنى تاشلىۋەتسىڭىز، ئېرىڭىزنى تاشلىۋەتسىڭىز، باللىرىڭىزنى تاشلىۋەتسىڭىز، كىشىلەرنىڭ گېپىگە قېلىشتىن قورقمامسىز؟ — دېدى.

— باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن پەرۋايىم پەلەك، مەن پەقەت مۇشۇنداق قىلىش كېرەكلىكىنىلا بىلىمەن.

— بۇ ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك سىز ئەڭ مۇقەددەس بۇرچىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭىز كېرەك!!

— مۇقەددەس بۇرچ دېگەن نېمە ئۇ؟

— بۇنىمۇ مەندىن سوراپ يۈرەمسىز؟ سىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىڭىز — ئېرىڭىز، باللىرىڭىزغا مەسئۇل بولۇش!

— مېنىڭ بۇنىڭدىنمۇ مۇقەددەس بۇرچۇم بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆز ـ ئۆزۈمگە مەسئۇل بولۇش!

— نارا، ئۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، سىز دېگەن بىر

خوتۇن، بىر ئانا، — ھېرموۋ ئەمدىلىكتە ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىغا ئۆتكەنىدى، نارا تېخىمۇ قەتئىيلەشتى:

— شۇنداق، مەن بۇنىڭدىن تانمايمەن، لېكىن مەن ئالدى بىلەن بىر ئادەم، سىزگە ئوخشاشلا ئادەم، ... ھېچبولمىغاندا مەن ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىشىم كېرەك، — دېدى كەسكىن ھالدا.

— مەن سىزنى ئادەم قاتارىدا كۆرمىدىممۇ؟ قانداق بىر بەتنىيەت ۋەسۋەسە كاللىڭىزنى قايمۇقتۇرۇۋاتاندۇ؟ ئەخلاق - پەزىلەتكە ئېتىبار قىلمامسىز؟ دىنغا ئىشەنمەمسىز؟ ئېسىڭىزدە بولسۇن، نارا، بىز چېركاۋدا كرېست * بەلگىسى ئالدىدا ئۇزۇك ئالماشتۇرغاندا، سىز پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا قەسەم بەرگەن.

— سىزدىن يوشۇرمايمەن ھېرموۋ. راستىنى ئېيتسام، تەڭرىنىڭ نېمىلىكىنىمۇ، ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەنمەيمەن. شۇ چاغدا پوپنىڭ دېگەن گەپلىرىنىمۇ ئەستايىدىل ئويلاپ باقسام بولغۇدەك، دېگەنلىرى زادى توغرىمۇ - خاتامۇ؟ ماڭا پايدىسى بارمۇ - يوقمۇ، دەڭسەپ باقسام بولغۇدەك.

ھېرموۋ نارانىڭ جاۋابلىرىدىن ئۇجۇقۇپ كەتتى. ئوت بىلەن ئوينىشىۋاتقان خوتۇننى ھالاكەت يولىدىن قانداق تارتىۋېلىشنىمۇ بىلەلمەي قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ناراغا قاراپ:

---

*كرېست بەلگىسى — خرىستىئان دىنىدىكى ئىلاھىي جازا قورالىنىڭ سىمۋولى.

گەپلىرىنىمۇ ئەستايىدىل ئويلاپ باقسام بولغۇدەك، دې-
گەنلىرى زادى توغرىمۇ ـ خاتامۇ؟ ماڭا پايدىسى بار-
مۇ ـ يوقمۇ، دەڭسەپ باقسام بولغۇدەك.

ھېرموۋ نارانىڭ جاۋابلىرىدىن ئۆجۈقۈپ كەتتى،
ئوت بىلەن ئوينىشىۋاتقان خوتۇننى ھالاكەت يولىدىن
قانداق تارتىۋېلىشنىمۇ بىلەلمەي قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ
ناراغا قاراپ:

— مەن سىزدەك بىر ياش ئايالنىڭ ئاغزىدىن بۇن-
داق گەپنىڭ چىقىدىغانلىقىنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقماپ-
تىكەنمەن! سىزنىڭ تەگرىگىمۇ شەك كەلتۈرۈۋاتقان بۇ
گېپىڭىزگە كەلسەك، ۋىجدانىڭىزنى ئويغىتىش ئارقى-
لىق سىزگە ياردەم قىلاي، ... ھېچبولمىغاندا سىزدە
ئاز ـ تولا ئەخلاق قارىشىغۇ باردۇ؟! — دېدى.

— توفا، سىز دەۋاتقان بۇ مەسىلىنى مەن ھەقىقە-
تەن چۈشىنىپ كېتەلمەيمەن، شۇڭا جاۋاب بەرسەممۇ،
سىزنىڭ ئۇنىڭغا قايىل بولۇشىڭىز ناتايىن.

— نېمىلا بولمىسۇن، سىز قانۇنغا خىلاپ گەپ ـ
سۆزلەرنى قىلماسلىقىڭىز كېرەك. چۈنكى، بىزنىڭ ئا-
ئىلىمىزنى قانۇن قوغدايدۇ!

— قانۇننىڭ گېپىگە كەلسەك، دۆلەتنىڭ قانۇنى
مېنىڭ ئويلىغىنىم بىلەن بىر يەردىن چىقمايدىغاندەك
قىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئاياللار ئەرلىرىنىڭ رۇخسىتىسىز
پۇل قەرز ئالسا بولمايدىكەن؟ دادىسى كېسەللىكتىن
ئۆلۈۋاتسا، قىزىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە، ئۇنى ئايىشىغا

قانۇن يول قويمايدىكەن؟! ئېرى كېسەلدىن ئۆلۈۋاتسا، ئۇنىڭ خوتۇنى ئامال قىلىپ ئۇنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇ-رۇشقا قانۇن يول قويمايدىكەن؟! دۇنيادا بۇنداق يولسىز قانۇننىڭ بولۇشىغا مەن ئىشەنمەيمەن!

— نارا، بالىلارچە سۆزلەپ مەن بىلەن تالاشماڭ، جەمئىيەتتىكى ئىشلارنىڭ قانداقلىقىنى سىز چۈشەن-مەيسىز.

— دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، مەن هازىرلا بېرىپ ئۇنى ئۆگىنىشىم كېرەك. زادى جەمئىيەتتىكى ئىشلار توغرىمۇ ياكى مېنىڭ قىلغىنىم توغرىمۇ، بۇنى مەن چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىم كېرەك!

هېرموۋ نارانىڭ بۇنچە تەمكىن قىياپىتىنى كۆ-رۈپ، ئۆزىنىڭ نېمە ئىشتا خاتا قىلغانلىقىنىمۇ بى-لەلمىدى. مەن ئۇنى تاشلىۋەتمىدىم، ئۇ مېنى ۋە بالى-لارنى تاشلىۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ! بۇ دۇنيانى چۈشەنمەك نېمىدېگەن تەس ـ هە، بۇ خوتۇن سىرتقا قاراپ قالدى-مۇ ـ يا؟ ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس! ئۇ مەندىن ئايرىلسا قانداق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ؟ مەن بۇ ئايالنى ئۆز خوتۇ-نىنى سۆيمىدىغان بارلىق ئەرلەرگە ئوخشاش سۆيدۇم. لېكىن ئۇ نېمىشقا بۇنداق قاتتىقلىق قىلىدۇ؟

— نارا، مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدى-ڭىزمۇ ـ يا؟ — سورىدى هېرموۋ.

— شۇنداق، مەن سىزدىن سوۋۇپ كەتتىم.

— سىز بۇنداق دېيىشكە قانداق پېتىنىسىز؟! سىزنى بۇنچە بىزار قىلغۇدەك مەن نېمە ئىش قىلدىم؟

نارانىڭ مۇشۇ تاپتىكى ھېسسىياتىمۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى. كۆڭلى ھېرمونغا مايىل، لېكىن ئۇ بېشىغا بالايىئاپەت كەلگەندە ھېرمونىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى قوبۇل قىلالمايۋاتاتتى. ھالقىلىق ۋا- قىتتا ئۇ قىلچە ئوغۇل بالىلىق قىلماي تۇگۇلۇۋالدى، تامامەن تىز پۈكتى، بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئېرى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ، ئۇسۇلدا خاتا كەتكەن ئايالىغا ئۆزى قىزغىن سۆيگەن خوتۇنىغا ئىتتىرىپ قويدى!

— توفا، سىز ئاشۇ خەتنى كۆرگەن ھامان ماڭا سەممىي ھالدا: نارا، قورقماڭ، ھەرقانداق ئىش بولسا مەن ئۈستۈمگە ئالىمەن، كوللوخىستا بۇ ئىشلارنى جەمئىيەتكە تارقاتسا تارقىتىۋەرسۇن! دېگەن بولسىڭىز، ئۇ چاغدا ئىشلار ھازىرقىدەك بۇنداق بولۇپ كەتمەس ئىدى. مەنمۇ بۇنداق نىيەتكىمۇ كەلمىگەن بولاتتىم. بولغان ئىشلارنى سىزگە ئېنىق سۆزلەپ بېرەتتىم ـ دە، ئۇ چاغدا سىزمۇ مەن بىلەن بىللە بۇ ئىشقا باتۇرلۇق بىلەن تاقابىل تۇراتتىڭىز. لېكىن مەندە سىز بىلەن دەرقەمتە ئولتۇرۇپ، بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىش پۇرسىتى بولمىدى....

— نارا، مەن سىزنىڭ بەختىڭىز ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەشكە، جاپا ـ مۇشەققەت تارتىشقا رازى،

لېكىن ئەرلەر ئۆزى سۆيگەن بىر ئايال ئۈچۈن نام ـ ئابرۇيىنى قۇربان قىلسا بولمايدۇ. نام ـ ئابروي ئەر كىشىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئاياللار ئەرلىرى ئۈچۈن نام ـ ئابرۇيىنى قۇربان قىلىۋاتىدۇ. لېكىن مەن سىزنىڭ نام ـ ئابرۇيىڭىزنى قۇربان قىلىشنى ئەمەس، خۇددى دەسلىپىدە مەن ھېچنېمىگە قارىماي سىزگە ياردەم قىلغاندەك ماڭىمۇ ياردەم قىلارمىكىن، دەپ ئويلىغانىدىم....

ئۇلار سۈكۈتكە چۆمدى. نارا كۆڭلىدە: «خەتەر ئۆتۈپ كەتتى... ئۇ مېنى يەنە ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ كۆندۈرگەن قۇشقىچى، لاي قونچىقى قىلىۋالماقچى، بۇ ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس! جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت ئادەمنى چېنىقتۇرىدۇ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىسەم، خۇددى بىر قاباھەتلىك چۈش كۆرگەندەك بولۇپ قالىمەن! مەن كۆز ئالدىمدىكى بۇ چۈشىنىشمەيدىغان، ناتونۇش ئادەم بىلەن سەككىز يىل ئۆي تۇتۇپتىمەن، ئۈچ بالا تۇغۇپتىمەن، مەن نېمىدېگەن ئەخمەق، ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلمەيدىغان ئايال ھە» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ھېرمۇۋمۇ ئۆزىنىڭ نارانى ئۇنچە قاتتىق ئەيىبلەپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىكەنلىكىنى ئويلىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەيىبلىشى ئەر ـ خوتۇن مۇناسىۋىتىنى خۇددى بىر

ئۆتكۈر خەنجەر ئۈزۈپ تاشلىغاندەك ئارىلىق پەيدا قىلدى، بۇلارنى ئويلاپ يەتكەن ھېرمۇۋ ئازابلانغان ھالدا ناراغا دېدى:

— مەن چۈشەندىم، مەن ئاخىر چۈشەندىم، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھازىر چوڭقۇر بىر بوشلۇق پەيدا بولۇپ قالدى. لېكىن نارا، ئىككىمىز بىرلىشىپ ئاشۇ ھاڭنى تىندۇرۇۋېتەلمەسمىزمۇ؟

— ھازىرقى ئەھۋالدا مۇمكىن ئەمەس.

— نارا، ماڭا بىرئاز ۋاقىت بېرىڭ، مېنىڭ قايتىدىن ئادەم بولۇش ئىرادەم بار.

— ياق، توفا، قايتىدىن ئادەم بولىدىغان ئادەم سىز ئەمەس، مەن.

نارا بۇرۇلۇپلا ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىر - پەستىن كېيىن رەتلىك كىيىنگەن، قولىدا كىچىك چامادانىنى كۆتۈرۈپ، بىلىكىگە مۇرە ياغلىقىنى ئارتىۋالغان، كەيپىياتى ئىنتايىن قەتئىي نارا ھېرمۇۋنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. نارا ئادەتتە ئىنتايىن ئوچۇق - يورۇق بولسىمۇ، لېكىن قارار قىلغان ئىشنى باشقىلارنىڭ ئاسانلىقچە ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى ھېرمۇۋ بىلەتتى. ئۇ نارانىڭ كۆزىگە قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، بېشىنى ساڭگىلاتقان ھالدا سورىدى:

— مۇشۇنداقلا ماڭامسىز؟ بۇگۈن بىر كېچىمۇ قونالمامسىز؟ بەلكىم ئەتە قارارىڭىزدىن يېنىپ قالار ئىدىڭىز.

— مەن بىر ناتونۇش ئادەمنىڭ ئۆيىدە قونمايمەن.

— لېكىن مەن سىزنىڭ ئىرىڭىزغۇ؟!

دەل شۇ چاغدا ئاننا باللارنى ئەگەشتۈرۈپ كىردى. ئۇلار نارانىڭ كەتمەكچى بولغان تۇرقىنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى ۋە ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئويناشنى ئېيتتى. نارا نېمىلا بولمىسۇن بىر ئانا، ئۇ ئۆز باللىرىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ. ئۇ شۇئان چوڭراق ئىككى بالىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى، كۆز يېشى قىلدى ۋە سۆيدى. ئەڭ كىچىك ئوغلىنى قۇچاقلىغاندا، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا ھەرگىزمۇ كۆزى قىيمىدى. بۇنى پۇرسەت بىلگەن ھېرموۋ باللىرىغا قاراپ:

— بىچارە باللىرىم، ئاپاڭلار سىلەرنى تاشلاپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، — دېدى.

ئاننا ھېرموۋنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، باللارغا:

— مېڭىڭلار باللار، مەن سىلەرگە مېغىز پىرەنىك بېرىمەن. داداڭلار سىلەرنى قورقۇتۇۋاتىدۇ. سىلەر گەپ ئاڭلىساڭلار، ئاپاڭلار ھەرگىز كەتمەيدۇ، — دېدى.

نارا ئاننانى تولۇپ تاشقان ھاياجان بىلەن قۇچاقلىدى ۋە:

— رەھمەت سىزگە، قەدىرلىك ئاننا، ... باللىرىم ئاناڭلار سىلەرنى سۆيىدۇ، ...گەپ ئاڭلاڭلار، ...ئاناڭلارغا خوش دەڭلار، ... —دېدى.

ئاننا باللارنى ئەگەشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى. نارا مۇرە ياغلىقىنى يەلكىسىگە ئارتقانىدى، ھېرمۇۋ ناراغا:

— قارىغاندا سىز چوقۇم كېتىدىغان ئوخشايسىز، — دېدى.

— شۇنداق، چوقۇم كېتىمەن.

— بىز بىر قەدەم چېكىنىپ، قېرىنداشلارغا ئوخشاش بىللە تۇرمۇش كەچۈرەلمەسمىزمۇ؟

— سىز نېمىشقا بۇنداق گەپلەرنى قىلىسىز؟ — نارا شىلەپىسىنى كىيىۋېتىپ شۇنداق دېدى، — باللارنىڭ ھالىدىن ئاننا بىلەن سىز خەۋەر ئالىسىز، يەنىلا مەندىن ياخشى. مېنىڭ ھازىرقى ھالىتىمدە ئۇلارغا ئازراقمۇ پايدام تەگمەيدۇ.

— نارا، كېيىن بىر كۈنلەردە ... بۇ ئىش ھامان كالللىڭىزدىن ئۆتۈپ قالىدۇ. شۇ چاغدا سىز يەنە قايتىپ كېلەرسىزمۇ؟

— بۇنى بىرنېمە دېمەك تەس، كېيىن نېمە بولىدىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

— نېمە بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، سىز ھامان مېنىڭ خوتۇنۇم.

ھېرمۇۋنىڭ بۇ سۆزى نارادا ئەكسىچە تۈيغۇ پەيدا قىلدى. ئۇنىڭغا ھازىر شۇ نەرسە ئېنىق بولدىكى، ئۆزىنى كىشەنلەپ تۇرغان ۋە بۈگۈنكى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان نەرسە نىكاھ ئىكەن. نىكاھتىن ئاجرىشىشقا دىنىي جەمئىيەت قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.

قانۇنىنىڭ تەرتىپلىرىمۇ ئىنتايىن مۇرەككەپكەن، ناراغا ئۇمۇ ئېنىق ئەمەس. لېكىن ئۇ بۇ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشنى قارار قىلغانىكەن، بۇ مەسىلىنى ئۆزى ھەل قىلىشى كېرەك. شۇڭا ئۇ ھېرموۋغا قاراپ:

— توفا، ئاڭلىشىمچە، ناۋادا بىر ئايال كىشى ماڭا ئوخشاش ئېرىنىڭ ئۆيىدىن ئۆزلۈكىدىن چىقىپ كەتسە، ئېرىنىڭ بارلىق ھامىيلىقىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئايرىلغان بولىدىكەن. بۇنى مەن سىزگە ئېيتىپ قوي-ياي، — دېدى.

— نارا، سىز بۇنداق ئۆسەك گەپلەرنى نەدىن ئاڭ-لىدىڭىز؟ بىلىشىڭىز كېرەككى، مەن ئادۋوكات بولغان، بۇ جەھەتتىكى ئىشلار سىزگە قارىغاندا ماڭا ناھايىتىمۇ ئېنىق. قويۇڭ بۇنداق بالىلىقىڭىزنى، بىز يارىشىپ قالايلى، — ھېرموۋ سۆزلىگەچ نارانىڭ مۇرە ياغلىقىنى ئېلىۋېتىشكە قولىنى ئۇزىتىۋىدى، نارا دەرھال ئۆزىنى قاچۇردى ۋە ھېرموۋغا قاراپ كەسكىن ھالدا:

— سىزنىڭ قانۇنىڭىزنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن كارىم يوق. لېكىن مەن ھازىرلا سىزنىڭ ماڭا بولغان مەجبۇرىيىتىڭىزنىڭ ھەممىسىنى بىكار قىلىمەن. بۇ-گۈندىن باشلاپ سىز مېنىڭ چەكلىمەمگە ئۇچرىمايسىز، مەنمۇ سىزنىڭ چەكلىمىڭىزگە ئۇچرىمايمەن. ھەر ئىككىمىز مۇتلەق ئەركىن بولىمىز. ئېلىڭ، ماۋۇ ئۈزۈكىڭىزنى، مېنىڭ ئۈزۈكۈمنىمۇ قايتۇرۇپ بېرىڭ.

— ئۇزۇكنىمۇ قايتۇرۇشمىزمۇ؟ سىزچە، ئۇزۇكنى قايتۇرۇشساق ھەممە ئىش تۈگەمدۇ؟ نېمىدېگەن ئاددىي ئويلاش بۇ. بولىدۇ، ئېلىڭ!

ھېرموۋ ئاچچىقىدا قولىدىكى ئۇزۇكنى چىقىرىپ ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويدى، نارا ئۇنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا بىرپەس قاراپ تۇردى ۋە ئۇنى سول قولىنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىغا سېلىۋالدى، ئاندىن:

— بولدى، ئەمدى ھەممە ئىش تۈگىدى. ئاچقۇچلار-نىڭ ھەممىسىنى بۇ يەرگە قويۇپ قويدۇم. مېنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىمنى ئاننا بىلەن ئاللان يىغىشتۇرۇپ تەييار قىلىپ قويىدۇ. ئۇنى ئېلىپ كېتىشكە ئادەم ئە-ۋەتىمەن، — دېدى.

—تۈگىدى! تامام! نارا، سىز ئەمدى ھەرگىزمۇ مې-نى، بالىلارنى، بۇ ئائىلىنى ئويلىمايسىز، شۇنداقمۇ؟

— ئويلايمەن، سىزنى ئويلايمەن، بالىلارنى ئويلاي-مەن. بۇ ئائىلىدە بولۇپ ئۆتكەن ھەممە ئىشلارنى ئوي-لايمەن....

— شۇنداق تۇرۇپ، سىز يەنە چوقۇم كېتەمسىز؟

— شۇنداق، مەن بۇنى ئاللىقاچان قارار قىلىپ بولدۇم.

— مەن سىزگە خەت يازسام بولامدۇ؟ ياخشى - يامان كۈنلەرگە قالغان چاغلىرىڭىزدا ياردەم قولۇمنى سوزسام بولامدۇ؟



— ھاجىتى يوق، مەن يات ئادەمنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلمايمەن.

— نارا، ھازىردىن ئېتىبارەن سىز بىلەن ئىككىمىز راستتىنلا ياتلىشىپ كېتەمدۇق؟

—توفا، ئۇنداقتا بىز مۆجىزىلەر ئىچىدىن يەنە مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتەيلى.

— مۆجىزىنىڭ ئىچىدىكى مۆجىزە دېگەن نېمە ئۇ؟

— مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىزمۇ، مەنمۇ ئۆزگىرىپ تۇرمۇشىمىزنى قايتىدىن باشلىغان ۋاقىتلارنى، ئىككىمىزنىڭ ھەقىقىي ئەر - خوتۇنلارغا ئوخشىغان چاغلىرىمىزنى دېمەكچى. خەير - خوش، توفا، ئۆزىڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ. مەن ئۇچۇن بالىلارنى سۆيۈپ تۇرۇڭ.

نارا بۇ چاغدا كۆڭلىنىڭ بارغانچە ئېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، دەرھال چامادانىنى قولىغا ئالغىنىچە كارىدوردىن چىقىپ كەتتى.

ھېرموۋ بىردىنلا ئۆي ئىچى قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئالمقانلىرى بىلەن يۈز - كۆزىنى چىڭ ئېتىۋالغىنىچە، ئىشىككە يۆلەكلىك بىر ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە يىقىلدى. نارا، ئۇ راستتىنلا كەتتى.... لېكىن ھېرموۋنىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر ئۈمىد ئۇچقۇنى يالىلىدى. بۇ بەلكىم ھېلىقى مۆجىزىنىڭ ئىچىدىكى مۆجىزىنىڭ تۇغۇلۇشىغا تەشنا ئۈمىد بولۇشى مۇمكىن....

ئاستىنقى قەۋەتتىن «گۈپ» قىلغان قاتتىق بىر ئاۋاز چىقتى. بۇ دەرۋازىنىڭ يېپىلغان ئاۋازى ئىدى.

# ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل

«ئويۇنچۇق ئائىلىسى» ئىبسېنىنىڭ «ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ئائىت سەھنە ئەسەرلىرى» ئىچىدە ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر مول ئېستېتىك قىممەتكە ۋە ئاياللار ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان سىياسىي خاھىشقا ئىگە. ئاتالمىش «ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ئائىت سەھنە ئەسەرلىرى» رېئال تۇرمۇشنى ماتېرىيال قىلغان، مەسىلىنى ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن ئوتتۇرىغا قويغان، خۇسۇسىي ئەخلاق بىلەن ئىجتىمائىي مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى گەۋدىلەندۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى تېپىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ قاتمۇقات ئېچىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. «ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ئائىت سەھنە ئەسەرلىرى» نى چېتىلىش دائىرىسىگە قاراپ، سىياسىي تۇرمۇش مەزمۇن قىلىنغان سەھنە ئەسەرلىرى ۋە ئائىلە تۇرمۇشى مەزمۇن قىلىنغان سەھنە ئەسەرلىرى، دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. ئالدىنقىسىغا «جەمئىيەت تۈۋرۈكى»، «خەلق دۈشمىنى» ۋەكىللىك قىلسا، كېيىنكىسىگە «ئويۇنچۇق ئائىلىسى»، «جىن ــ شاياتۇنلار»ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئىبسېن بىر ئۆمۈر كۆڭۈل بۆلگەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئاياللار مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ ئاياللار ئازادلىقىنى تەشەببۇس قىلاتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن كېيىن، نورۋېگىيىدىكى ئاياللار ئازادلىقى مەسىلىسى — جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرى كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. «ئويۇنچۇق ئائىلىسى» يېزىلغان دەۋرمۇ، دەل نورۋېگىيىدە ئاياللار ئازادلىقى مەسىلىسى ھەققىدىكى بەس ـ مۇنازىرە يۇقىرى دولقۇنغا چىققان چاغلار ئىدى.

ئەسەردىكى ئەر باش قەھرىمان ھېرموۋ خىزمەتتە بەك چارچاپ كەتكەنلىكتىن، كېسەل بولۇپ قالغاندا دوختۇر ئۇنىڭغا جەنۇبقا بېرىپ داۋالانغاچ دەم ئېلىپ كېلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ، لېكىن بۇنىڭغا ھېرموۋنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمەيدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئايال باش پېرسوناژ نارا خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي، دادىسىنىڭ نامى بىلەن بانكا خىزمەتچىسى كوللوخستادىن 1200 يۈەن پۇل قەرز ئالغانلىقى توغرىسىدىكى ھۆججەتكە قول قويۇپ، ئېرىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. سەككىز يىلدىن كېيىن ھېرموۋنىڭ نام ـ ئابرۇيىغا تەسىر يېتىدىغان بىر ئىش يۈز بېرىدۇ، كوللوخستا ھېرموۋغا خەت ئەۋەتىپ، نارانىڭ يالغان ئىمزا بىلەن پۇل قەرز ئالغانلىقىنى ئاشكارىلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلىدۇ.

تۇرمۇش نارانى چوڭقۇر ساۋاققا ئىگە قىلىدۇ، ئۇ ھېر-موۋنىڭ پەسكەش روھىي قىياپىتىنى ئېنىق كۆرۈپ يېتىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ئائىلىدىكى باراۋەرسىز ئورنىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئۇ بۇ خىل ھاقارەتلىك تۇرمۇشقا چىدىماي، «ئادەمدەك ياشاش» ئۈچۈن، بۇ «ئويۇنچۇق ئائىلىسى»دىن قەتئىي كېتىش قارارىغا كېلىدۇ.

«ئويۇنچۇق ئائىلىسى» دىرامىسى ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت مەقسىتىنى روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇرژۇئازىيىنىڭ باراۋەرسىز ئائىلە مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپ تاشلاش، ئاياللارنى ئازاد قىلىپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش — دىرامىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچى بۇرژۇئازىيىنىڭ دېموكراتىك ئىدىيىۋى خاھىشىغا ئىگە مۇكەممەل بىر ئايالنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەرلەر ئۈستۈنلۈكى مەسىلىكىدىن نەپرەتلىنىش ۋە ئاياللار ئازادلىقىنى تەشەببۇس قىلىش ئىدىيىسىنى مەركەزلىك ھالدا گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

نارا ئىرادىلىك، قارشىلىق كۆرسىتىش روھى كۈچلۈك ئايال. ئۇنىڭ ئوبرازىدا ئىبسېننىڭ روھىي ئاسىيلىق ئىدىيىسى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. نارا بۇرژۇئازىيىنىڭ دېموكراتىك ئىدىيىۋى خاھىشىغا ئىگە ئاياللار ئوبرازىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ بىر ئوتتۇرا

ئۆشتاق بۇرژۇئازىيە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، دادىسى ئانچە بايمۇ ئەمەس، «قولىغا پۇل كىرسىلا بەت-خەجلىك قىلىپ سورۇۋېتىدىغان»، «دىنغا ئىشەنمەيدى-غان، ئەخلاقىمۇ ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدىغان»، ئەمە-لىيەتنى بەكرەك تەكىتلەيدىغان، تىرىكچىلىك غېمىدىلا شاپاشلاپ يۈرىدىغان ئادەم. نارا تەربىيە كۆرگەن، ناخشا ئېيتىشقا، ئۇسسۇل ئويناشقا ماھىر، ئاق كۆڭۈل، رومانتىك، ئۆزىنىڭ كىچىك ئائىلىسىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىدىن ئاسانلا قانائەت ھاسىل قىلالايدىغان ئايال. ئۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ سۆلەتۋاز خانىم- خانقىزلىرىغا ئوخشىمايدۇ. تىرىكتاپلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالىمايدۇ. ئۇ ئائىلە خىراجىتىنى قامداش ئۈچۈن، تىككۈچىلىك، كەشتىچىلىك ۋە خەت كۆچۈرمىچىلىك دېگەندەك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؛ بەزىدە «چارچاپ مادارى قالمىغان» ھالەتتىمۇ ۋايىسماي «ناھايىتى خۇ-شال» يۈرىدۇ. ئۇ تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ دۇنيادا تۇرمۇشنى خۇشال — خۇرام ئۆتكۈزۈش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ئىش- ھە!»، نارانىڭ بۇ خىل ئەمگەكچان، ئۈمىدۋار، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان خاراكتېرى ئۇنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك — نارانىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى — ئۇنىڭ جەمئىيەتتى-كى زىيانكەشلىككە، بەختسىزلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا

ھېسداشلىق قىلىشنى بەلگىلىگەن. ئۇ بالىلىق چاغ-لىرىدىكى ساۋاقداشى — لىندان خانىمنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشىگە ھېسداشلىق قىلىدۇ. لىندان خانىم تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن خىزمەت ئىزدەشكە مەجبۇر بولغاندا، ئۇ ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ياردەم قىلىدۇ. رانكىي دوختۇر بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندا، ئۇ دوستلۇق قولىنى سۇنۇپ، سەمىمىي ياردەم قىلىدۇ.

نارانىڭ قەيسەر ۋە باش ئەگمەيدىغان روھى، ئۇنىڭ ئەڭ ئېسىل پەزىلىتىدۇر. قارىماققا، ھەممە ئادەم ئۇنى غەم-ئەندىشىسىز ئادەم دەپ بىلىدۇ. ئۇ لىندان خانىمغا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ھەممىڭلار مېنى بۇ زېرىكىشلىك دۇنيادا ھېچقانداق باش ئاغرىقىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغان دەپ قارايسىلەر.» بۇ بىر خاتا چۈشەنچە. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭمۇ باش ئاغرىقى بار. مەسىلەن، ئائىلە-سىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى، ئېرىنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشى قاتارلىقلار. بىراق، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن ئەزىلىدىن بوشاشمايدۇ، قىيىنچىلىقلارغا ئاكتىپ، ئۈمىدۋار روھ بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. قەرز ئېلىش كوللوخستا نارانىڭ يالغان ئىمزالىق قەرز ھۆججىتى بىلەن ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ، ئۇنى قورقۇتىدۇ، لې-كىن ئۇ قىلچىمۇ تىز پۈكمەيدۇ، بۇ ئىشنى ئېرىگىمۇ ئېيتماي، بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۆزى ئۈستىگە ئالماقچى بولىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى نارانىڭ قەيسەرلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىبرىنىڭ رەھىمسىزلەرچە ھاقارەتلىشىگە ئۇنىڭ سوكۇت قىلىشىمۇ زور دەرىجىدىكى قارشىلىق ھېسابلىنىدۇ؛ ئەمما خەۋپ ئۆتۈپ كېتىپ، ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ يارىشىپ قېلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلغاندا، نارا ئۇزۇل - كېسىل ئويغىنىدۇ ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش روھى پەللىگە يېتىدۇ، ئۇ ئاخىر ئىبرىنىڭ ساختا قىياپىتىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئۆزىنىڭ پەقەت ئىبرىنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇقتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغانلىقىنى كۆچلۈك ھېس قىلىپ، كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى ۋە غۇرۇرىنى قوغدىماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەڭ يۇكسەك ۋە ئەڭ ئاساسىي تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «ھازىر مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ ئالدى بىلەن ئادەم ئىكەنلىكىمگە، خۇددى سىزگە ئوخشاش بىر ئادەم ئىكەنلىكىمگە ئىشىنىمەن. ھېچبولمىغاندا، مەن ئادەم بولۇشنى ئۆگەنمەكچىمەن» دەيدۇ. نارا ئادەم بولۇش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىدىكى ئاياللار ئازادلىقىغا توسالغۇ بولىدىغان ئەخلاق، دىن ۋە قانۇن - پەرمانلارنى دادىللىق بىلەن ئىنكار قىلىدۇ. ئۇ توغرىدىن - توغرىلا «دىن دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى مەن ھەقىقەتەن بىلمەيمەن» دەيدۇ. نارا كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ قانۇن - پەرمانلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدۇ ۋە ئىچ - ئىچىدىن نەپرەتلىنىدۇ. ئۇ نەپرەتلىنىپ تۇرۇپ: «ئەجەبا

قانۇن بىر قىزنىڭ سەكراتتا ياتقان دادىسىنى بارلىق چارە ـ ئاماللار بىلەن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىغا يول قويامدى- كەن؟ بىر ئايالنىڭ ئۆز ئېرىنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىغا يول قويامدىكەن؟» «مۇددىئانى نەزەرگە ئال- مايدىغان قانۇن چوقۇم بىمەنە قانۇن بولىدۇ»، «دۆلەت- نىڭ قانۇنى مېنىڭ ئويلىغانلىرىمغا ئوخشىمايدى- كەن. ... مەن دۇنيادا بۇنداق بىمەنە قانۇننىڭ بولۇشىغا ئىشەنمەيمەن» دەيدۇ. نارانىڭ بۇ خىل مۇستەقىللىق خىتابنامىسى، ئۇنىڭ دېموكراتىك ئىدىيىۋى خاھىشىغا ئىگە ئايال ئىكەنلىكىنى ئىسپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ھېرموۋ بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇش ھەرىكىتى بولسا، ئۇ- نىڭ دېموكراتىك ئىدىيىسىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر.

ھېرموۋ چاكىنا، ساختا، رەزىل، شەخسىيەتچى، بۇرژۇئا مىشچانلىرىنىڭ تىپى. ئۇ دەسلەپتە ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى، ئادۋوكات بولغان، كېيىن يۇقىرىغا يامىشىپ بانكا دىرېكتورى بولغان. پۇل ۋە ھوقۇققا ئىنتىلىش ئۇنىڭ بىردىنبىر ياشاش مەقسىتىدۇر.

ھېرموۋ كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ قوغدىغۇچىسى، بولۇپمۇ ئائىلە ۋە نىكاھ ئىشلىرى جەھەتتە، ئۇ بۇرژۇ- ئازىيە ئەرلەر ھوقۇقى مەركىزىي ئىدىيىسىنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاياللارنىڭ ئۆز ئەرلىرى ئالدىدا پەقەت مەسئۇلىيىتىلا باركى، باشقا ھېچقانداق ھوقۇقى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئائىلە تۇرمۇشىدا نارانىڭ

ھەرقانداق پىكىر قىلىشقا يول قويمايدۇ. بەلكى ھەرقانداق ئىشنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە قارار چىقىرىدۇ. ئەسەردە شۇ نەرسە ئىسپاتلىنىدۇكى، ھېرموۋ مۇشۇ خىل باراۋەرسىز تۇزۇمنىڭ جاھىل قوغدىغۇچىسى. كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە مۇھەببەت پۇل ۋە مال ـ مۈلۈكنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنىدۇ. ماركس بىلەن ئېنگېلس ئىلگىرى: «ھازىرقى زاماندىكى بۇرژۇئازىيە ئائىلىسى قانداق ئاساسقا قۇرۇلغان، ئۇ كاپىتال ئۈستىگە، شەخسلەرنىڭ پۇل تېپىپ بېيىش ئاساسىغا قۇرۇلغان» دەپ ئېيتقانىدى. ھېرموۋنىڭ ناراغا بولغان ئاتالمىش مۇھەببىتىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئۇ نارانى ئۆزىنىڭ ئويۇنچۇقى قاتارىدا كۆرىدۇ. ئۇنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىشىغا ۋە كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىگە ئىگە بولۇشىغا يول قويمايدۇ. ئۇ نارادىن ئۆزىنىڭ قۇلى، قۇربانلىق مېلى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ يۇ، ئۆزى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاز ـ تولا قۇربان بېرىشنى خالىمايدۇ. ھېرموۋ: «ئەرلەر ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن ئايال ئۈچۈن نام ـ ئابرۇيىنى قۇربان قىلىۋەتسە بولمايدۇ» دەيدۇ. ئۇ دەۋاتقان «نام ـ ئابرۇي» پۇل ۋە ھوقۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا نارانىڭ يالغان ئىمزا بىلەن پۇل قەرز ئالغانلىقى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ھېرموۋ غەزەپتىن ئۆرتىنىپ نارانى ھاقارەتلەپ: «بۇ بالا ـ قازانى

ئائىلىمىدىكى بىر پەسكەش خوتۇن كەلتۈرۈپ چىقاردى»،
«سەن مېنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك بەختىمنى نابۇت قىلدىڭ»
دەيدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھېرمووۋنىڭ بۇ
بۇرژۇئا ئائىلىسىدە ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت پۇل ۋە
ھوقۇقنى مەركەز قىلغان پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى بو-
لۇپ، ھەرگىزمۇ ھەقىقىي مۇھەببەت دېگەندىن سۆز
ئاچقىلى بولمايدۇ. ھېرمووۋ پەقەت بۇرژۇئازىيە ئائىلە،
نىكاھ تۈزۈمىنى كۈچلۈك قوغدىغۇچى بولۇپلا قالماس-
تىن، بەلكى كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى
قىممەت قارىشىنىڭمۇ قوغدىغۇچىسى. نارانىڭ دادىسى
تۇرمۇشى قىيىن، بىرقەدەر ئەمەلىيەتنى تەكىتلەيدىغان
ئادەم بولسىمۇ، لېكىن «ئەخلاقشۇناس» ھېرمووۋ تەرىپىد-
دىن «دىنسىز، ئەخلاقتا ئېتىبار قىلمايدىغان مەسئۇلى-
يەتسىز ئادەم» دەپ ھاقارەتلىنىدۇ. نارا ھېرمووۋنىڭ
ئەسلىي ماھىيىتىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئۇنىڭدىن ئادا ـ
جۇدا بولماقچى بولغاندا، ھېرمووۋ ئەخلاق ۋە دىنىي تە-
لىماتلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، نارانىڭ ھەرىكىتىنى تو-
سۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇ نارادىن: «ئەجەبا سىز ئۆز ئۆيد-
ىڭىزدىكى ئورنىڭىزنى چۈشەنمەمسىز؟ ئەجەبا سىز ئەخ-
لاقتا ئېتىبارسىز قارامسىز؟ دىنغىمۇ گىشەنمەمسىز؟»
دەپ سورايدۇ. ئۇ يەنە: «ئەگەر دىن سىزگە يول باشلىيال-
مىغان بولسا، مەن ۋىجدانىڭىزنى ئويغىتىش ئارقىلىق
سىزگە ياردەم قىلاي.... سىزدە ھېچبولمىغاندا ئاز ـ تولا

ئەخلاقىي قاراشقۇ باردۇ؟» دەيدۇ. بۇرژۇئازىيە ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن هامان دىنىي ۋە ئەخلاقىي قاتمال تەلىماتلارنى كۆتۈرۈپ چىقىش ئارقىلىق خەلقنى چەكلەيدۇ ۋە ئالدايدۇ، هېرموۋ تېخىمۇ شۇنداق. بۇرژۇئازىيىنىڭ قانۇن ــ پەرمانلىرىنى ئۇ جېنىنىڭ بارىچە قوغدايدۇ. ئۇ يەنە بۇرژۇئازىيە قانۇنىنىڭ كۈچ ــ قۇدرىتىنى كۈچلۈك تەرغىب قىلىپ: «گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئادەم ئۆز گۇناھىنى ئۇچۇق ــ ئاشكارا تونۇشى»، «رازىمەنلىك بىلەن جازانى قوبۇل قىلىشى» كېرەك، ئەگەر «هېيلىگەرلىك ۋاستىلىرى بىلەن قانۇننىڭ جازاسىدىن قاچسا، ئۇ بارغانسېرى تېيىلىپ، قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇ» دەيدۇ. ئۇ يەنە: «گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئادەم ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرىگىمۇ يامان تەسىرىنى يۇقتۇرۇپ قويىدۇ.» «ــ ياشلارنىڭ جىنايەت سادىر قىلىش دېلولىرىنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك يالغان سۆزلەيدىغان ئانىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ» دەيدۇ. بۇ سەپسەتىلەرنىڭ هەممىسى بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى هېرموۋنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى تولۇق ئېچىپ بېرىدۇ.

بۇرژۇئازىيىنىڭ قوغدىغۇچىسى بولغان هېرموۋنىڭ خاراكتېرىدىكى روشەن ئالاهىدىلىك ــــ ئۇچىغا چىققان ساختىلىق ۋە شەخسىيەتچىلىكتىن ئىبارەت. هېرموۋ ناراغا خۇشامەت قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالماقچى

بولغاندا، قانداقتۇر ئۆزىنىڭ جېنىنى تىكىپ، بارلىقىنى قۇربان قىلىپ بولسىمۇ نارانىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ «بىرەر خېيىمخەتەرگە ئۇچرى-شى»نى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. لېكىن نارا-نىڭ «ساختا ئىمزا قويغانلىقى»نى ئاشكارىلايدىغان خەت-نى تاپشۇرۇۋالغاندا، ئۇ شۇئان باشقىچە بىر قىياپەتكە ئۆزگىرىپ، نارانى بىردىنلا ئۆلۈم يولىغا ئۆزىتىۋەتكۈسى كېلىپ كېتىدۇ. ھېرموۋنىڭ ساختىلىقى ۋە شەخسى-يەتچىلىكى ناراغا قىلغان مۇئامىلىسىدىنلا ئىپادىلىنىپ قالماي، بەلكى باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلە ۋە مۇ-ناسىۋەتلەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ئۆزى بىلەن دائىم ئا-رىلىشىدىغان رانكې دوختۇرغا ئازراقمۇ سەمىمىي مۇئا-مىلە قىلمايدۇ. ئۇ كوللوخىستانىڭ ئۆزىنىڭ ئۇنىۋېر-سىتېتتىكى ساۋاقدىشى ئىكەنلىكى، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈنلا، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمىنى قالايمىقان چاقىرىدۇ، شۇنداقلا بانكىدىكى ئورنىنى ساقلاپ قېلىش تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. ئۇ كوللوخىستانىڭ تەلىپىنى رەت قىلى-سىمۇ، لېكىن كوللوخىستا نارانىڭ ساختا ئىمزا قوي-غان قەرز ھۆججىتىنى جامائەتكە ئاشكارىلىماقچى بول-غاندا، ئۇ دەرھال ئۆز قارارىنى ئۆزگەرتىپ، كوللوخىس-تانىڭ شەرتلىرىگە ماقۇل بولىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا

بولىدۇكى، ھېرموۋدىن ئىبارەت بۇ «ئەخلاقشۇناس»، ساختىپەز ھېچقانداق پرىنسىپال مەيدانى يوق، ھەرقانداق ئىشتا ئۆزىنىڭ شەخسىي پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىدىغان ئادەم.

ئاپتور باش تېمىنى تولۇق يورۇتۇپ، كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ جىنايەتلىرىنى تەنقىد قىلىش مەقسىتىدە، ئەسەردە يەنە كوللوخىستا، لىندان خانىم ۋە رانكې دوختۇردىن ئىبارەت كەم بولسا بولمايدىغان ئۈچ ئوبرازنىمۇ ياراتقان. كوللوخىستا نامرات ـ كەمبەغەل بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇھەببەتتە مەغلۇپ بولۇپلا قالماي، بەلكى كۆزگە ئىلمايدىغان «رەزىل ئادەم»گە ئايلىنىپ قالىدۇ؛ لىندان خانىم نامرات ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن، بىر بايغا ياتلىق بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئاقىۋەتتە يەككە ـ يېگانە، غېرىبانە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. رانكې دوختۇر تاناسىل كېسەللى بىلەن يۇقۇملىنىپ ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرى بىلەن نارانىڭ تراگېدىيىسى بىرلىشىپ، بۇرژۇئازىيە ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ زۇلمەتلىك ۋە قاباھەت قىياپىتىنى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىبسېننىڭ بۇ ئەسىرىدە ئاياللارنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، ئاياللار ئازادلىقى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى زور تارىخىي تەرەققىيات ئەھمىيىتىگە ئىگە، لېكىن قانداق قىلغاندا ئاياللارنى ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ؟

ئىبسېنغا بۇ مەسىلە چۈشىنىكسىز. شۇڭا ئەسەردىمۇ بۇ مەسىلىگە توغرا جاۋاب بېرىلمىگەن.

ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ئائىت سەھنە ئەسىرى بولغان «ئويۇنچۇق ئائىلىسى»دە، بۇرژۇئازىيە سىنىپى ئەرلەر ھوقۇقىنى مەركەز قىلغان بۇرژۇئا ئائىلە مۇناسىۋىتىنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق پاش قىلىنىدۇ. بۇرژۇئازىيە سىنىپى ئەركىنلىك، باراۋەرلىكنى كۆز ـ كۆز قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا كۆرۈنۈشتىكى باراۋەرلىك ئارقىلىق ماھىيەتتىكى باراۋەرسىزلىكنى يايدۇ. ھېرموۋلارنىڭ ئائىلىسىدە قارىماققا ئەر ـ خوتۇن باراۋەردەك كۆرۈنسىمۇ، ھېرموۋ نارانى ئەركىلىتىپ «تۇمۇچۇقۇم» دەپ ئاتىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە نارا بۇ ئائىلىدە بىر ئويۇنچۇق ئورنىدا تۇرىدۇ، نارا ئېرىنىڭ ئىرادىسىگە سەللا خىلاپلىق قىلىپ قويسا، چىداپ تۇرغۇسىز تىل ـ ھاقارەتكە ئۇچرايدۇ. نارا ھەتتا ئېرى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىشقا رازى، لېكىن ھېرموۋ نارا ئۈچۈن نام ـ ئابرۇيىنى قۇربان قىلىشقىمۇ رازى ئەمەس. ئەسەردە يەنە مۇشۇنداق مۇناسىۋەتنى قوغدايدىغان ئەخلاق، قانۇن ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلەر تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قامچىلانغان. ھېرموۋنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق بۇرژۇئازىيىنىڭ ساختا، شەخسىيەتچىلىك تەبىئىتى پاش قىلىنغان؛ بۇرژۇئازلارنىڭ نەزىرىدە ھېرموۋ ئۆلچەملىك

دۇرۇس ئەرباب، ئۇ قانۇنغا رىئايە قىلىدۇ، مەسئۇلىيەت-چان، ئۇ ئايالى ئۇچۇن بارلىقىدىن كېچىشكە، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى تەقدىم قىلىشقا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھالقىلىق پەيتتە ئۇنىڭ تە-بىئىتى ئاشكارىلىنىدۇ، ئۇ نارانىڭ يالغان ئىمزا قويۇپ پۇل قەرز ئالغانلىقى توغرىسىدىكى كوللوخستانىڭ پاش قىلىش خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، ئالدى بىلەن ئۆ-زىنىڭ نام ــ ئابرۇيى، مەنسىپى ۋە ئىستىقبالىنىڭ تەھدىتكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، ئۆزىنى چىن كۆڭ-لىدىن سۆيىدىغان نارانى قاتتىق سىلكىپ ئەيىبلەيدۇ. لېكىن خەۋپ ــ خەتەر ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن تەڭ، ئۇ خۇشاللىقىدا ئۆزىنى بېسىۋالالماي، ناراغا قايتا ــ قايتا: «ماڭا ئەمدى ھېچ ئىش بولمايدۇ!» دەپ كېتىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇچىغا چىققان مېشچان ئىكەنلى-كىنى ئاشكارىلايدۇ.

ئىبسېن دۇنياغا مەشھۇر تىياتىر ئىسلاھاتچىسى، ئۇ مەيلى دراما ژانىرى ياكى بەدىئىي ماھارەت جەھەت-لەردە بولسۇن، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە. «ئويۇنچۇق ئا-ئىلىسى»دە، ئۇنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى تېخىمۇ گەۋدىلىك.

بىرىنچىدىن، «ئويۇنچۇق ئائىلىسى» ئارقىلىق شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىبسېن ئەينى ۋاقىتتا ياۋروپا سەھنىلىرىدە بازار تاپقان نىقابلىنىۋېلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە دۇئېلغا چىقىشقا ئوخشاش خەتەرلىك

كۆرۈنۈشلەر، تاساددىپىي ۋەقەلەرنى تەرك ئەتكەن. ئۇنىڭ درامىسىدىكى پېرسوناژلار تاماشىبىنلار، ئوقۇرمەنلەر دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى ئادەمگىلا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئەسىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىمۇ تاماشىبىنلارنىڭ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرىگە ئوخشايدۇ. مانا بۇلار ئىبسېننىڭ دراما سەنئىتىدىكى ئىسلاھاتچىلىق روھىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ رېئالىزملىق ئىجادىيەت خاھىشىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىبسېننىڭ «ئويۇنچۇق ئائىلىسى»دە، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تېما قىلغان باشقا سەھنە ئەسەرلىرىدىكىگە ئوخشاش «مۇھاكىمە» مۇھىم ئامىل قىلىندۇ. «ئويۇنچۇق ئائىلىسى»دىكى نارا ئېرىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يالغان ئىمزا بىلەن پۇل قەرز ئالىدۇ، مۇشۇنداق قىلىش زادى توغرىمۇ ـ خاتامۇ؟ نارانىڭ ئېرى ھېرموۋ بۇ ئىشقا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشى كېرەك ئىدى؟ نارا يالغان ئىمزا بىلەن پۇل قەرز ئېلىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدۇ، لېكىن ھېرموۋ مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، بۇ توغرىمۇ ـ خاتامۇ؟ نارا ئاخىر ھېسابتا زادى قانداق قىلىشى كېرەك ئىدى؟ — مانا مەسىلىلەر ئەسەر سۇژېتىنىڭ راۋاجىدىكى مۇھىم يە ئۈچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تاماشىبىنلار، كىتاب خانلارمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەردۇر. ئىبسېننىڭ سەھنە ئەسەرلىرىدىكى «مۇھاكىمە» ئامىلى

قورۇقتىن قورۇق ۋەز ـ نەسىھەت ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەسەرنىڭ سۇژىتىغا چوڭقۇر سىڭدۇرۇلگەن.

«مۇھاكىمە» ئامىلىنىڭ چوڭقۇر راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئەسەرنىڭ سۇژىتى قەدەممۇقەدەم ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئىبسېننىڭ بۇنداق ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇبى، ئەسەرنىڭ ئىدىيۋىلىكىنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، ئۇنىڭدىكى پىكىرلەرنىمۇ روشەنلەشتۇرگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ بەدىئىي ئۇنۇمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۇرۇپ، تاماشىبىنلار ۋە ئوقۇرمەنلەرنى ئىختىيارسىز ھالدا ئويلىنىشقا، مەسىلىلەر ئۇستىدە ئىزدىنىشكە يېتەكلەيدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئاپتور بۇ ئەسىرىدە زەنجىرسىمان توقۇنۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆتمۈشنى بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. پۈتۈن درامىدىكى توقۇنۇش زەنجىرسىمان ھالەتتە راۋاجلانغان. مەسىلەن، ھېرموۋ بىلەن كوللوختىستا ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش كوللوختىستا بىلەن نارا ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە نارا بىلەن ھېرموۋ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا ئۆزگىرىپ، شۇ ئارقىلىق تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان دراما سۇژىتى بارلىققا كەلتۇرۇلگەن. ئۈچ پەردىلىك بۇ درامىدا ئىبسېن ئۆتمۈشنى بايان قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ۋەقەلىكنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ، شۇنداقلا توقۇنۇشنى روشەن يورۇتۇپ بېرىش مەقسىتىدە، بىرىنچى پەردىنىڭ

كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ نارانىڭ ساۋاقدىشى لىندان خانىمنى مەيدانغا چىقىرىدۇ ھەمدە نارا بىلەن لىندان خانىمنىڭ سۆھبىتى ئارقىلىق ھېرمىۋۇنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى، نارانىڭ ئېرىنى داۋالىتىش ئۈچۈن يالغان ئىمزا قويۇپ پۇل قەرز ئالغانلىقىنى، لىندان خانىمنىڭ كوللوخىستاغا «چىرايلىقچە ئىش بېجىر-مەيدىغان ئادەم» دەپ باھا بەرگەنلىكىنى، شۇنداقلا كې-يىن رانكې دوختۇرنىڭ گەپ قىستۇرۇپ، «كوللوخىستا تولىمۇ ئەسكى ئادەم» دېگەنلىكىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق پېرسوناژلارنىڭ ئۆتمۈشىنى بايان قىلىش ئارقىلىق يازغۇچى ۋەقەلىكنىڭ ئۆزۈندىن ئۆزۈنغا سوزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە يوشۇرۇن بايان قىلىش ئۇسۇ-لىنى قوللىنىپ، كوللوخىستانىڭ چارىسىز قالغان ئەھۋالدا، چوقۇم نارادىن پايدىلىنىپ ھېرمىۋۇغا تەھدىت سالىدىغانلىقىنى يازىدۇ. شۇڭا درامىدىكى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ئىلگىرىلا تاماشى-بىنلار نارانىڭ ياخشى نىيىتىنى بىلىپ بولىدۇ ھەمدە ھېرمىۋۇنىڭ غەزەپتىن چېچىلىشىنى ئۇنىڭ رەھىم ـ شەپقەتسىز، قورقۇنچاق ماھىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى چۈشىنىدۇ. دېمەك، ئۆتمۈشنى قايتا بايان قىلىش ئۇ-سۇلى «ئويۇنچۇق ئائىلىسى» نىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ

ئىخچام، مۇكەممەل، دەل جايىدا بولۇشىدا زور رول ئوينىغان.

تۆتىنچىدىن، ئىبسېن ئۆزىنىڭ بۇ سەھنە ئەسىرىدە پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك ھالىتىنى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك سۈرەتلەپ بەرگەن. «ئويۇنچۇق ئائىلىسى»دە نارانىڭ پسىخىك ئۆزگىرىشى — بەختىيار، خاتىرجەم تۇرمۇشتىن غەم ـ ئەندىشە قىلىش، بىزار بولۇشقا ئۆتۈش، خام خىيال سۈرۈش ۋە ئازابلىنىشتىن، ئەڭ ئاخىر قەتئىي ئىرادىگە كېلىشتەك جەريانلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ. نارانىڭ بۇنداق پسىخىك ئۆزگىرىش جەريانى —ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى ئىپادىلەپ، نارادىن ئىبارەت بۇ پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

## ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەدەبىيات شىمالىي ياۋروپادىكى نورۋېگىيىدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغانىدى. ئېنگېلس 1890 ـ يىلى: «يېقىنقى 20 يىل ئىچىدە نورۋېگىيىدە بارلىققا كەلگەن ئەدەبىيات جەھەتتىكى گۈللىنىشكە، مۇشۇ بىر مەزگىل ئىچىدە، رۇسىيىدىن باشقا ھېچقانداق دۆلەتنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ» دېگەن. دېمەك، نورۋېگىيە ئەدەبىياتىدىكى

گۆللەپ ـ ياشناش — شىمالىي ياۋروپا رېئالىزملىق ئەدەبىياتىنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن-لىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن 50 ـ يىللىرىغىچە شىمالىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كاپىتا-لىستىك ئىگىلىكى — كېمىسازلىق، دېڭىز ترانسپور-تى، دەرەخ كېسىش ۋە يېزا ئىگىلىكى جەھەتلەردە كۆ-رۈنەرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. كاپىتالىستىك ئى-گىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى دۆلەت بۇرژۇئازلىرىمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان.

ياۋروپا ئىنقىلابى ۋەزىيىتىنىڭ تەسىرىدە، شىمالىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ دېھقانلار ھەرىكىتى ئۈزلۈكسىز ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. دانىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپى جامائەتنىڭ دىققەت ـ نەزىرىنى بۇراپ، دۆلەت ئىچىدىكى كرىزىستىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، 1863 ـ يىلى پرۇسسىيىگە ئۇرۇش قوزغايدۇ، نەتىجىدە، زېمىنىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ھەرقايسى قاتلامدىكىلەرنىڭ نارازىلى-قىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نورۋېگىيىدە مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىمۇ بارغانسېرى ئەۋج ئېلىشقا باشلايدۇ. نورۋېگىيە 14 ـ ئەسىرنىڭ ئا-خىرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئىزچىل تۈردە دانىيىنىڭ بېقىندى دۆلىتى بولۇپ كەلگەنىدى.

1814 ـ يىلى نورۋېگىيە مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا شۋېتسىيە بىلەن «ئىتتىپاق» تۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. نورۋېگىيە خەلقى ئۇزۇن مۇددەت يات مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە زۇلمىغا ئۇچرىغان، تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، 1905 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن.

دېھقانلار دېموكراتىك ھەرىكىتى ۋە مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ شىمالىي ياۋروپادىكى ئەركىن بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچىلىشىپ، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، بىر تۈركۈم رادىكال زىيالىيلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇرژۇئازىيە سىياسەتۋازلىرىنىڭ رەزىل ئەپتـ بەشىرىسى ۋە ساختا قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ ۋە تەنقىد قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي ياۋروپادا تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەدەبىيات شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇ دەۋردىكى شىمالىي ياۋروپا ئەدەبىياتىدا دانىيىلىك چۆچەك يازغۇچىسى ئاندېرسېن، ئەدەبىي تەنقىدچى برانكس، شۋېتسىيىلىك دراماتورگ ھەم يازغۇچى ستىرىندبېرگ، نورۋېگىيىلىك دراماتورگ ئىبسېن ۋە بىئانسون قاتارلىق مەشھۇر يازغۇچىلار ئوتتۇرىغا چىققان.

ئىبسېن 1864 ـ يىلىدىن 1891 ـ يىلىغىچە بولغان 27 يىلنى چەت ئەلدە مۇھاجىر بولۇپ ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشىگە ئاساسلىقى، ئەينى چاغدا دانىيە پرۇسسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان مەزگىلدە، نورۋېگىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ دانىيىگە ياردەم بەرمىگەنلىكى سەۋەب بولغانىدى. ئۇنىڭچە، پرۇسسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشى پۈتكۈل سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىنىڭ مۇستەقىللىقىغا نىسبەتەن ئېغىر تەھدىت بولۇپ، دانىيە، نورۋېگىيە ۋە شۋېتسىيە بىرلىشىپ دۈشمەنگە ئورتاق قارشى تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئويغىنىڭلار، سكاندىناۋىيىلىكلەر!» ناملىق داستانىدا يېرىم ئارالدىكى ئۈچ دۆلەت خەلقىنى پرۇسسىيىگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇشقا چاقىرغان. شۇڭا ئىبسېننىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشى — ئۆز دۆلىتى ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن بىر خىل قارشىلىق بىلدۈرۈش ئىدى. ئۇنىڭ چەت ئەللەردە تۇرغان مەزگىلدىكى ئىجادىيەتلىرى ئاللىبۇرۇنلا رومانتىزمدىن تەنقىدىي رېئالىزمغا ئۆتكەن ئىجادىيەت ئىدى. ئۇ ئەينى چاغدىكى بۇرژۇئازىيە سىياسەتۋازلىرى تەرغىب قىلغان «ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھرىبانلىق»تىن ئىبارەت ساختا شوئارلاردىن نەپرەتلىنەتتى. ئۇنىڭچە، ھەقىقىي ئەركىنلىك — ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ ئازاد بولۇشىدا ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە «روھىي جەھەتتىن ئاسىيلىق

قىلىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى نورۋېگىيىنىڭ ئەخلاق، قانۇن، مائارىپ ۋە ئاياللار ئازادلىقى قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تېما قىلغان نۇرغۇن درامىلارنى يازغانىدى. بۇرژۇئازىيىنىڭ ساختىلىقى، شەخسىيەتچىلىكى قاتارلىق ئىللەتلىرىنى چوڭقۇر تەنقىد قىلىش — ئۇنىڭ چەت ئەلدە تونۇلغان چاغدىكى ئىجادىيەتلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئىدى.

ئاياللار ئازادلىقى مەسىلىسى — ئەينى ۋاقىتتىكى بۇرژۇئازىيە دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ئىدى. ئىبسېنمۇ بۇ مەسىلىگە ئىزچىل تۈردە كۆڭۈل بۆلگەن. 1885 ـ يىلى ئۇ ئىشچىلار ئاممىسىغا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق نۇتقىدا: «ھازىرقى ياۋروپا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرمەكتە؛ بۇنداق ئۆزگەرتىشتە، ئاساسلىقى، ئىشچىلار ۋە ئاياللارنىڭ كەلگۈسى ئەھۋالىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ھەل قىلىنىدۇ. مەن بۇنداق ئۆزگەرتىشنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتمەكتىمەن، بۇنداق ئۆزگەرتىش ئۈچۈن خۇشال بولماقتىمەن. بۇنداق ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مەن ھاياتىمدا بارلىق كۈچ ـ قۇدرىتىم بىلەن ھەرىكەت قىلىشنى خالايمەن» دېگەن. «قونچاق ئائىلىسى»

ئۇنىڭ ئاياللار مەسىلىسىگە دائىر بىر نادىر ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ.

## پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇش

نارا: ئەسەردىكى ئايال باش قەھرىمان، ھېرموۋنىڭ خوتۇنى. ئۇ ئوتتۇرا ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، بەكمۇ باياشات بولمىغان، ياش، چىرايلىق ھەم ئاق كۆڭۈل ئايال. ئۇ كىچىكىدىلا دادىسىنىڭ ئويۇنچۇقى — قوزىسى بولغان بولسا، كېيىن بانكا دىرېكتورى ھېرموۋغا ياتلىق بولۇپ، ئېرىنىڭ ئويۇنچۇقى — «تۇمۇچۇقى»، «تىيىنچىقى» بولۇپ قالغان. نارا ئېرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئېرى كېسەل بولۇپ قېلىپ داۋالىتىشقا پۇلى بولمىغان ئەھۋالدا، ئۇ ئېرىنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن، يالغان ئىمزا بىلەن يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز ئالىدۇ. ئۇ بۇ ئىشنى ئېرىگە ئۇقتۇرماي قەرزنى ئۆزى مۇستەقىل قايتۇرماقچى بولىدۇ. سەككىز يىلدىن كېيىن بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئىش ئېرىنىڭ نام ـ ئابرۇيىغا تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئېرىنىڭ ھاقارەتلىشىگە ئۇچرايدۇ. نارا ئېرىنىڭ ھەقىقىي ئەپت ـ بەشىرىسىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئۆزىنىڭ پەقەت ئېرىنىڭ بىر ئويۇنچۇقىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكى ھېس قىلىش يېتىدۇ ـ دە،

ئىبرىنىڭ يېلىنىشلىرىغا، ئەخلاق ۋە دىنىي قائىدە ـ يوسۇن تەھدىتلىرىگە پەرۋا قىلماي، قەتئىي تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ئۆزى مۇستەقىل ھالدا «بىر ئادەم» بولۇش قارارىغا كېلىدۇ. نارا ئاق كۆڭۈل، ھېسداشلىق روھىغا باي، قەتئىي ئىرادىلىك، بۇرژۇئازىيەنىڭ دېموكراتىك ئىدىيۋى خاھىشىغا ئىگە ئاياللارنىڭ ئوبرازىدۇر.

ھېرموۋ: ئەسەردىكى ئەر باش قەھرىمان، نارانىڭ ئېرى. ھۆكۈمەت ئەمەلدارى، ئادۋوكات بولغان، كېيىن بانكىنىڭ دىرېكتورلۇقىغا ئۆستۈرۈلگەن بايلىق ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشىش ئۇنىڭ ياشاشتىكى بىردىنبىر مەقسىتى. رانكې دوختۇر ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى دوستى بولسىمۇ، بىراق ئۇ رانكې دوختۇرنىڭ ھايات ـ ماماتىغا قىلچىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.

كوللوخستا: ھېرموۋنىڭ ساۋاقدىشى، ئۇ دائىم ھېرموۋنىڭ كىچىك ئىسمىنى ئاتىغاچقا، ھېرموۋ بانكا دىرېكتورلۇقىغا ئۆسۈپلا، ئۇنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىدۇ. كۆرۈنۈشتە پەقەت ئۇنى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرىدۇ.

نارانىڭ ساختا ئىمزا بىلەن پۇل قەرز ئالغانلىقى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، گەرچە نارانىڭ پۇل قەرز ئېلىشى ئېرىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۇ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئابرۇيى ۋە مەرتىۋىسىنى ئويلاپ، ساختا نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ نارانى قاتتىق ھاقارەتلەيدۇ.

كوللوخىستا بۇ ئىشنى ئاشكارىلىماسلىقتا ۋەدە بېرىپ، قەرز ھۆججىتىنى قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ھېرموۋ نارادىن ئۇنىڭ قىلىپ قىلىشىنى ئۆتۈنىدۇ ھەم ئەخلاق، دىن ئارقىلىق نارانىڭ ھەرىكىتىنى چەكلىمەكچى بولىدۇ. ھېرموۋ ساختىپەز، شەخسىيەتچى بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ۋەكىلى، شۇنداقلا بۇرژۇئازىيە سىنىپى ئەرلەر ھوقۇقى ئىدىيىسىنىڭ ۋەكىلى.

## ئوقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلار

«ئويۇنچۇق ئائىلىسى» — ئىبسېننىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تېما قىلىنغان مۇھىم دراممىلىرىنىڭ بىرى. بۇ دراما سەھنىلەردە ئوينىلىشى بىلەن تەڭ، خۇددى فېئودالىزم ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەنئەنە ۋە ئەخلاق قورغىنىغا غايەت زور بىر بومبا چۈشكەندەك، جەمئىيەتتە زور زىلزىلە قوزغىغان. ئېيتىلىشىچە، شۇ چاغلاردىكى مېھمان چاقىرىشلاردا، ساھىبخان مېھمانلارنىڭ ئىچىدە توقۇنۇش يۈز بېرىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئالدىغا: «نارا ھەققىدە گەپ بولمىسۇن!» دېگەن ئەسكەرتىش تاختىسىنى قويۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولغانىكەن. ئىبسېنمۇ مۇشۇ دراما سەۋەبىدىن، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ۋە غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرىغان.

بۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندا، نارادىن ئىبارەت بۇ شەخس-نىڭ ئوبرازىنى ئەستايىدىل ئىگىلەش، ئۇنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى، مىجەز - خاراكتېرى، نارا ياشىغان جەمئىيەت-نىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردىن، نارانىڭ خام خىيال سۈرۈشتىن ئويغىنىشقا ئۆتۈش، يول قويۇشتىن قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۆ-تۈشتەك تەرەققىيات جەريانىنى ئەستايىدىل ئىگىلەش كېرەك. نارادىن ئىبارەت بۇ ئايالنىڭ پۈتكۈل نورۋېگى-يىدە، ھەتتا جۇڭگودىمۇ غايەت زور تەسىر قوزغىيالى-شىغا، ئۇنىڭ ئوبرازىنىڭ جانلىق، خاراكتېرگە باي يا-رىتىلغانلىقى سەۋەب بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇ-ھىمى، نارانىڭ كەچۈرمىشى ئەينى دەۋردىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاياللارنىڭ ئورتاق كەچۈرمىشى بولغاندى-لىقى، نارانىڭ ھەرىكىتى كەڭ ئاياللار ئاممىسى ئارزۇ قىلغان قارشىلىق ھەرىكىتى بولغانلىقىمۇ سەۋەب بولغان. نارانىڭ ئوبرازىدىن ئەمەلىيەتتە ھەر بىر ئايال ئۆزىنى كۆرەلەيدۇ.

ئىبسېننىڭ درامىلىرى يېقىنقى زامان دراماچىلىقى ئۈچۈن يېڭى دەۋر ئېچىپ بەردى. ئۇنىڭ درامىلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى تاماشىبىنلار دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى ئادەملەر. درامىدىكى پېرسوناژلار-نىڭ تۇرمۇشىمۇ تاماشىبىنلار ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن تۇرمۇش بولغاچقا، بۇ دراما كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAzMjY0OTUuemlw",
"filename_decoded": "40326495.zip",
"filesize": 12475436,
"md5": "f6b50c2389d9127ac6599d0fad739436",
"header_md5": "b09511676bbc3791cd304cb3b7e9526b",
"sha1": "3ee3ec883355327c143341061c6fbf1b087af89d",
"sha256": "0e5d611b4291d23c13a6e562ddca6f798a9a6edacdfcc253305cb727b92815ae",
"crc32": 1835858296,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 12794745,
"pdg_dir_name": "\u2550\u00b5\u253c\u255d\u2553\u00ab\u255d\u2565\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40326495",
"pdg_main_pages_found": 221,
"pdg_main_pages_max": 221,
"total_pages": 231,
"total_pixels": 656121856,
"pdf_generation_missing_pages": false
}